# چەت ئەلدە ئوقۇغان نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار

# (2)

بىلىمخۇمار (ئەركىن سىدىق)




ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى : مەنزىل ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

ئاپتور(بىلىمخۇمار)دىن:

ئامېرىكىدا بىر قورچاق كىنو بار. ئۇنىڭدا بىر ياشانغان پادىشاھ جەننەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈشكە ئۇرۇنىدۇ. ئۇ ئىشىك باققۇچىغا ئۆزىنى «مەن ئېيدۋارد دېگەن خۇدا بولىمەن»، دەپ تونۇشتۇرىدۇ. ئالدىغا بىر پارچە قېلىن كىتابنى قويۇۋالغان ئىشىك باققۇچى بولسا ئۇنىڭغا: «ئېيدۋارد، سەن بىر خۇدامۇ-ئەمەسمۇ، ئۇ ھەقتىكى ھۆكۈمنى بىز ئۆزىمىز چىقىرىمىز»، دەيدۇ.

بۇ يەردىكى مۇھىم نۇقتا شۇكى، ئەڭ ئاخىرىدا ھېساب بولىدىغىنى سىزنىڭ ئۆز-ئۆزىڭىزگە مەردلىك بىلەن بەرگەن باھايىڭىز ئەمەس. ئۆزىمىز ھەققىدىكى ئابىدە تېكىستىنى بىزنىڭ قانداق ياشىغانلىقىمىزنى ئوبدان بىلىدىغان كىشىلەر يېزىپ، ئۆزىمىز ھەققىدىكى مەدھىيە سۆزلىرىنىمۇ ئاشۇ كىشىلەر ئوقۇيدۇ.

نوبېل مۇكاپاتىنى ئىجاد قىلغان كىشى

ئالفرېد نوبېل ئەپەندى ھەققىدە مۇنداق بىر ھېكايە بار. شۇ زاماندا بېسىلىپ تارقىلىۋاتقان بىر پارچە گېزىت خاتا ئۇچۇرغا ئاساسلىنىپ، نوبېلنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە بىر پارچە خەۋەر باسىدۇ. نوبېل بۇ خەۋەرنى گېزىتتىن ئوقۇيدۇ، ھەمدە ئۇ مۇشۇ پۇرسەتنىڭ باھانىسىدە ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى قانداق بىر تەرىقىدە ئەستە ساقلايدىغانلىقىنى بىلىۋالىدۇ. گېزىتتىكى خەۋەردە نوبېل ئەپەندى بىر ناھايىتى ئەقىللىق خىمىيە ئالىمى بولۇپ، ئۇ پارتلاتقۇچ دورىسىنى كەشىپ قىلىپ، ناھايىتى باي بولۇپ كەتكەنلىكى بايان قىلىنغان. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇچۇن، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى بىر ئەقىللىق ۋە باي ئادەم، دەپ ئەستە ساقلىشى ناھايىتى قانائەتلىنەرلىك بىر ئىش ئىدى. لېكىن، نوبېل ئەپەندى ئۇنداق دەپ ئويلىمايدۇ.

نوبېل ئەپەندى ئۆزىنىڭ ھاياتى ھەققىدە يۇقىرىقىدىن ئىجابىيراق بولغان بىر ئابىدىنى

قالدۇرۇش ئارزۇسى ئۈستىدە ناھايىتى كۆپ ئويلىنىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز بايلىقىنىڭ ناھايىتى زور بىر قىسمىنى ئىنسانلار ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ يېڭىلىقلارنى ئېتىراپ قىلىدىغان «نوبېل مۇكاپاتى» نى تەسىس قىلىش ئۈچۈن قالدۇرۇپ كېتىدۇ.

بىزنىڭ ئارىمىزدا نوبېل مۇكاپاتىغا ئوخشاش چوڭ نەرسىلەرنى بەرپا قىلالايدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس، ئەمما بىز ھەممىمىز پەرزەنتلىرىمىز ۋە ئاتا-ئانىلىرىمىزنى پەخىرلەندۈرىدىغان مەدھىيە سۆزلىرىگە ئېرىشەلىگۈدەك بىر خىل ھاياتنى ياشىيالايمىز.

بىز ھەر كۈندىكى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ئىچىدە ھەممە ئىشلار توغرىسىدا توغرا ئويلاپ كېتەلمەيمىز. بىز ئۈچۈن پۇل، خىزمەت ئورنى، نام-ئاتاق ۋە ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ كۆرۈنۈپ، بۇ جەريان ئۇ نەرسىلەر بىز ئۈچۈن مۇھىم بولماي قالغان بىر زامانغىچە داۋام ئېتىدۇ.

ئىنسان ئۆچۈن ئەڭ ئاخىرىدا ئەڭ مۇھىم بولۇپ قالىدىغان نەرسە، سىز بۇ دۇنيادىن ئايرىلغاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ سىزنى قانچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت ئەستە تۇتۇشى، سىزنى كىملەرنىڭ ئەستە تۇتۇشى، ۋە سىزنى نېمە ئۈچۈن ئەستە تۇتۇشىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

شۇڭلاشقا، ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھاياتىنى قانداق ياشاشنى بىلمەكچى بولسىڭىز، سىز مۇنداق بىر ئىشنى ئويلاڭ: سىز كىشىلەردىن ئۆزىڭىز ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ سىز توغرىسىدا نېملەرنى دېيىشىنى ئىستەيسىز؟ يەنى، سىز ئۆلگەن ۋاقىتتىن باشلاپ كەينىگە يېنىپ بىر قېتىم ياشاپ بېقىڭ.

مەن يېقىندا ئۆزۈمنىڭ «يالغانچىلىققا ئائىت 12 ھەقىقەت» دېگەن يازمىسىدا ئامېرىكىدىكى «مايكۇل جوسېفسون» (Michael Josephson) ئىسىملىك بىر تونۇلغان ئەخلاق مۇتەخەسسىسنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان ئىدىم

[1]. ئاشۇ مايكول ئۆزىنىڭ تور بېتىدە 2015-يىلى 19-مارت كۈنى «ھاياتىمىزنىڭ ھەقىقىي مەنىسى» دېگەن تېمىدا بىر پارچە قىسقا يازما ئېلان قىلغان بولۇپ، يۇقىرىدىكىسى ئاشۇ يازمىنىڭ مەزمۇنىدىن ئىبارەت [2].

ئۆتكەن يىل (2014-يىلى) بىزنىڭ ئائىلە ئۇزۇندىن بۇيان يېقىن ئارىلىشىپ ئۆتىۋاتقان بىر ئۇيغۇر ھەدىمىزنىڭ تۇرك ئېرى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇلار شىمالىي كالىفورنىيەدە تۇرىدىغان بولۇپ، مەن ماشىنام بىلەن 600 كىلومېتىردەك يول يۈرۈپ، ئۇنىڭ مېيىت نامىزىغا قاتناشتىم. ئۇ ئاكىمىزنىڭ مېيىتى يەرلىككە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، مەن توپا بېشىغا كەلگەن باشقا كىشىلەر ئارىسىدا قىستىلىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ مېيىتى قويۇلغان سېمونت ساندۇقنىڭ ئۈستىگە بىر قانچە ئوچۇم توپا تاشلىۋالدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر كىشى كېلىپ، بىزنى يەرلىكتىن يىراقراق تۇرۇشقا بۇيرۇدى. بىر سەل ئارقىغا چېكىنگەندىن كېيىن، ئۇ بىر

تراكتورنى ھەيدەپ كېلىپ، بىر قانچە مىنۇت ئىچىدىلا ھېلىقى مېيىت ساندۇقىنىڭ ئۈستىنى توپا بىلەن تىندۇرۇۋەتتى. ئۇ ئاكىمىز تېخى تۈنۈگۈن ھايات ئىدى. بۈگۈن مانا مۇشۇنداق يەر ئاستىغا كىرىپ كەتتى. بۇ نېمە دېگەن ئاددىي بىر جەريان؟ بىز ھەممىمىز بۇ دۇنيادىن ئەنە شۇنداق ئايرىلىمىز. ھەممىمىز ئوخشاش يەرگە بارىمىز. ئۇنداقتا بىزنى پەرقلەندۈرىدىغان نەرسە نېمە؟ مەن ئاشۇ سەپەردىن كېيىنكى بىر قانچە ھەپتە ئىچىدە كۆپ ئويلاندىم، ھەمدە روھىي جەھەتتىن سەل نورمالسىز يۈردۈم.



بىزنىڭ بىر دوستىمىز 2014-يىلى ۋاپات بولغاندا

# قويۇلغان يەرلىك

بىر ئادەم بۇ دۇنيادىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىشىلەر قەلبىدە قانچە ئۇزۇن ياشايدىغانلىقىنى مۇنداق 3 نەرسىدىن كەم دېگەندە بىرسى بەلگىلەيدۇ:

(1) ئۇنىڭ باشقىلارغا بەرگەن ۋە قالدۇرغان بىلىملىرى. بۇنىڭ مىسالى ئۈچۈن بىز ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ۋە شۇنداقلا ئۆزىمىزنىڭ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلىرىدىكى مۇئەللىملىرىنى ئويلاپ باقساق بولىدۇ. بىز ئۇلارنى ئۇنتۇلۇپ قالدۇقمۇ؟

(2) باللىرىنى قانداق تەربىيىلىگىنى. ياخشى تەربىيىلەنگەن باللار ئاتا-ئانىسى باشلىغان ئۇلۇغۋار ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نام-شۆھرىتىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ: ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەن بىر داڭلىق زاتنىڭ بالىسى ياخشى ئادەم بولسا، سىز داۋاملىق ئۇنى «پوكۇنىنىڭ

بالىسى» دەپ تۇرۇپ ئاتايسىز. ئەگەر ئۇ بىر ناچار ئادەم بولسا، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ھەرگىزمۇ بىللە ئىشلەتمەيسىز.

(3) قىلغان ساخاۋەتلىك ئىشلىرى. مەن ئۇيغۇر دىيارىدا يېقىنقى 5-10 يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن ساخاۋەت ئىشلىرىدىن ناھايىتىمۇ تەسىرلەندىم، ھەمدە ئۇنىڭدىن بىر خىل ئۈمىد نۇرىنى كۆردۈم. تەرەققىي قىلغان غەرب ئەللىرىدە ساخاۋەتچىلەر ئالىي مەكتەپ بىنالىرىنى سېلىپ بېرىپ، ئۇ بىنانىڭ ئىسمى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئىشلىتىدىغان، ياكى بولمىسا ئۆزىنىڭ ناھايىتى چوڭ ۋە قىممەت نەرسىلەر بىلەن تولغان ئۆي-زېمىنلىرىنى جامائەت باغچىسى قىلىپ قالدۇرۇپ كېتىدىغان ئىشلار ئىنتايىن كۆپ. ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىنالىرىنىڭ ئىسمى ئاساسەن ئادەملەرنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاشۇ بىنالارنى سېلىشقا ئەڭ كۆپ پۇل ئىئانە قىلغان كىشىلەرنىڭ ئىسملىرىدۇر.

مەن بۇ يەردە قىرىنداشلاردىن مۇنداق بىر نۇقتىنغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈنىمەن: سىزنىڭ ھايات ۋاقتىڭىزدا قانداق كىيىملەرنى كىيگەنلىكىڭىز، قانداق تاماقلارنى يېگەنلىكىڭىز، قانداق ئۆيلەردە ئولتۇرغانلىقىڭىز، ۋە قانداق ماشىنىلارنى ھەيدىگەنلىكىڭىز يۇقىرىدىكى 3 سەۋەبنىڭ بىرسىگە تەۋە ئەمەس. يەنى، بىر ئادەمنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى قانداق ياشىغانلىقى ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىن ئايرىلغاندىن كېيىن كىشىلەر قەلبىدە قانچە ئۇزۇن ياشايدىغانلىقى بىلەن ئاساسەن مۇناسىۋەتسىز. بۇنىڭ بىر مىسالى سۈپىتىدە سىز ۋاپات بولغىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇستازىمىزنى ئەسلەپ بېقىڭ. سىز ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندا، كۆز ئالدىڭىزغا ئۇ ئۇستاز ھەققىدىكى قانداق ئىشلار كېلىدۇ؟

ھونلارنىڭ داھىيسى ئاتتىلا ۋە ئاتا تۈرككە ئوخشاش تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغ داھىيلار،

قەھرىمانلار ۋە داڭلىق سەنئەتكارلار قاتارلىق بىر قىسىم ئادەملەرمۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدىغان بولۇپ، ئۇلار باشقا بىر كاتېگورىيىگە تەۋە كىشىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئۇلار ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭكىدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدە تالانت-ئىقتىدارلىرى، ۋە شۇنىڭغا تايىنىپ ئۆز خەلقى، ئۆز ۋەتىنى ياكى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ياراتقان زور تۆھپىلىرى سەۋەبىدىن كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ. بۇ كاتېگورىيىگە تەۋە كىشىلەرنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، يۇقىرىدىكى 3 شەرت بولسا بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن يەكۈنلەپ چىقىلغان.

ھازىر نۇرغۇن قېرىنداشلار مىللەت ئۈچۈن خالىسانە خىزمەت قىلىش يولىدا تىرىشىۋاتىدۇ. ئۆزۈممۇ شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى. مەندىن بىر قىسىم ئۇكىلار داۋاملىق «سىز نېمە ئۈچۈن ھازىرقىدەك ياشاش يولىنى تاللىدىڭىز؟» دەپ سوراپ تۇرىدۇ. بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنىڭ بىر قىسمى

يۇقىرىدىكى مايكۇل جوسېفسون يازغان مەزمۇندا بار بولۇپ، ئۇنىڭ جاۋابىنىڭ يەنە بىر قىسمى هازىر ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ئۇيغۇر دىيارى ئەنە شۇنداق ياشايدىغان كىشىلەرگە تولىمۇ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىدۇر. ئەمەلىيەتتە هازىر ئاشۇنداق ياشاش يولىنى تاللىغان ئۇيغۇرلار ئىنتايىن كۆپ. يېقىندىن بۇيان مېنى قوللاپ، مېنىڭ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلىپ، ماڭا يېقىندىن هەمكارلىشىپ، مېنىڭ «چەت ئەلدىكى نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» دېگەن تېما ئاستىدىكى يازمىلىرىمنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماي تەييارلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىۋاتقان بارلىق ئۇكىلار ئەنە شۇنداق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىر قىسمىدۇر. هازىر يۇقىرىقىدەك ياشاش يولىنى تاللىغان بارلىق قېرىنداشلار ئورتاق هالدا ئۆزىمىزنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ قاتتىق تىرىشساقمۇ، خەلقىمىز دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى هەل قىلىپ بېرەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. ئەمما بىز بىر قىسىم ياخشى ئۆزگىرىشلەرگە تۈرتكە

بولالايمىز. شۇنداقلا هاياتىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈپ، يەنە بىر دۇنياغا سەپەر قىلغاندا ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىمىزدىن پۇشايمان يېمەيمىز.

ئەگەر سىزنىڭمۇ شەرتىڭىز توشىدىكەن، يۇقىرىقىدەك مىللەت ئۈچۈن خالىسانە خىزمەت قىلىدىغان قوشۇنغا بىر ئەزا بولۇڭ. يالغۇز ئۆز ئۆيىڭىزدىكى بىر دانە چىراغ بولماي، ئۇيغۇر دىيارى ئاسمىنىدىكى بىر دانە يۇلتۇزمۇ بولۇڭ. يالغۇز يۇلتۇزدىن چىققان نۇرنىڭ ئانچە كۈچى بولمايدۇ. ئەمما كۆپلىگەن يۇلتۇزلار بىرلەشسە، ئۇ بىر ناهايىتى كەڭ زېمىننى يورۇتالايدۇ. ئەگەر سىز مەن بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالىسىڭىز، مەن بىلەن bilim.humar@yahoo.com

bilim.humar@yahoo.com ئارقىلىق ئالاقىلىشىڭ.

مەن ئالدىنقى ھەپتە «چەت ئەلدىكى نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (5)» دېگەن ماقالىدە سىڭلىمىز بەرنا ئىبراھىمنى تونۇشتۇرغاندىن

كېيىن، بەزى ئۈسكىلار ماشىنا بەرنا سىغلىمىزدىن Android تا ئىشلەتكىلى بولىدىغان تىللارنىڭ قاتارىغا ئۇيغۇر تىلى فونتىنىمۇ قوشۇپ قويۇش مۇمكىنىمۇ-ئەمەسمۇ، دېگەننى سوراپ بېقىشنى ھاۋالە قىلدى. مەن بۇ ئىشنى بەرناغا دېگەندىن كېيىن، ئۇ سىغلىمىز مەزكۇر ئىش ئۈستىدە گۇگۇل شىركىتىگە بىر ئىلتىماس يوللاپ، ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشىپ باقىدىغان بولدى. مەن بۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇرمەنلەرنى بۇ ئىشنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىپ تۇرىمەن.

بىر قىسىم قېرىنداشلار مەندىن «بالىغىزغا تۇغرا كۆيۈك» دېگەن ماقالە بىلەن «پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش» دېگەن ماقالىنىڭ داۋامىنى قاچان يوللايدىغانلىقىمنى سوراۋاتىدۇ. مەن ئەسلىدە ئالدى بىلەن «پسىخولوگىيە ئۇرۇشى» تېمىسىنى تاماملاپ بولۇپ، ئاندىن بالا تەربىيىسى ھەققىدىكى تېمىنىڭ داۋامىنىمۇ يازماقچى ئىدىم.

يېقىندىن بۇيان مېنىڭ نەتىجىلىك قېرىنداشلارنى تونۇشتۇرۇش ئىشىنى قوللاپ بەرگۈچىلەر كۆپلەپ چىقىۋاتىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، بۇرۇنقى پىلانىمنى سەل ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلدى. ئاللاھ بۇيرۇسا قالغان ئىككى تېما ئاستىدىكى ماقالىلەرنىڭ داۋامىنى يوللاشنى ئانچە ئۇزۇنغا قالماي باشلايمەن. ۋاقتىم قىس بولغاچقا، بۇ ئىشلارنى بۇنىڭدىن تېزرەك قىلىشقا ئامالسىز قالدىم. شۇڭا قېرىنداشلارنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى سورايمەن.

ئەمدى رەسمىي مەزمۇننى باشلايمەن. مەن بۇ قېتىم يەنە 3 نەپەر قېرىندىشىمىزنى تونۇشتۇرىدىغان بولۇپ، ئۇلار مەن تونۇشتۇرغان 23-، 24- ۋە 25-قېرىندىشىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئوقۇرمەنلەرگە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، مەن ئالدىنقى قېتىملىق ماقالىنىڭ تور ئادرېسىنى مۇشۇ يازمىنىڭ ئاستىغا كىرگۈزۈپ قويدۇم (مەن بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ ئۇسۇلنى

قوللىنىلىدىغان بولۇپ، بۇرۇنقى ماقالىنى ئىزدەيدىغانلارمۇ ئاشۇ ئۇسۇلنى قوللانسا بولىدۇ).

## دوكتور نۇرشىدە پولات (ئامېرىكا)

سىڭلىمىز نۇرشىدە پولات 1985-يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە بىر ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 2003-يىلى شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى (ياكى 17-ئوتتۇرا مەكتەپ) نى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈردى، ھەمدە ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەبىئىي-پەنلەر تۈرىدە ئەلىۋىلئەلا (高考理科状元) بولدى.

سىڭلىمىز نۇرشىدە 2004-يىلى شاڭخەي شەرقىي جۇڭگو پەن-تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا يۇقىرى مولېكۇللۇق ماتېرىياللار ئىلمى (Polymer Science and Engineering) كەسپىنىڭ باكلاۋۇرلۇق ئوقۇشىنى باشلىدى.

بىرىنچى يىلى ئوقۇش نەتىجىسى ياخشى بولغانلىقتىن، مەكتەپنىڭ ئالاھىدە ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەش بۆلۈمىگە قوبۇل قىلىندى.

ئامېرىكىدا ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار «توفىل» (TOEFL) دەپ ئاتىلىدىغان ئىنگلىز تىلى ئىمتىھانى بىلەن «GRE» دەپ ئاتىلىدىغان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ كەسپىي دەرسلىرىنى مەزمۇن قىلغان يەنە بىر ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولمىسا بولمايدۇ.

نۇرشەدە 2006- ۋە 2007-يىللىرى GRE ۋە TOEFL ئىمتىھانلىرىنى بېرىپ، 2008-يىلى ئامېرىكىدىكى پېنسىلۋانىيە شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتى (The Pennsylivania State Uniwersiteti) «ماتېرىيال ئىلمى ۋە ئىنژېنېرلىقى» كەسپىنىڭ ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىغا تولۇق ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن قوبۇل قىلىندى.

مەركىزۇر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدا

شاڭخەي شەھەرلىك، دۆلەتلىك ۋە دۇنيا خاراكتېرلىك «ماتېماتىكىلىق مودېللاش» (mathematical modeling) مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى.


نۇرشەدە 2011-يىلى كۆمۈرنى سۇيۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسى ( Examination of Coal Solubility and Fragmentation (with Various Ionic Liquids ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، شۇ ئاساستا ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. 2014-يىلى 8-ئايدا ئىنگلىزچە « Bitumen Recovery from Oil Sands Using Deep Eutectic Solvent» دېگەن تېمىدىكى بىر ئىلمىي تەتقىقات تۈرىنى تاماملاپ، ماتېرىيال ئىلمى كەسپىدىكى دوكتورلۇق ئوقۇشىنىمۇ غەلىبىلىك تاماملىدى. ئۇ ھازىر ماتېرىيال ئىلمى كەسپىدە دوكتور-ئاشتى بولۇپ ئىشلەپ، ئىنگلىزچە « Tailoring crystal

دېگەن تېما ئۈستىدە ئىلمىي «morphology» تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

سىڭلىمىز نۇرشەدەنىڭ دوكتورلۇق تەتقىقاتى نېفىت قۇمى (oil sands) توغرىسىدا بولۇپ، ئۇ «ئاسفالتنى قانداق قىلغاندا قۇمدىن ھەم ئاسان ھەم ئاز مىقداردىكى ئىقتىساد ۋە ئېنېرگىيە بىلەن ئايرىۋېلىشقا بولىدۇ؟» (separating bitumen from sands) دېگەن مەسىلە ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى. شۇنداقلا ئىنگلىزچە « Atomic force microscopy force measurement technique» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تېخنىكىنى ئىشلىتىپ، ئاسفالت بىلەن قۇم زەررىچىلىرى ئارىسىدىكى كۈچلەر (surface/interface forces) ئۈستىدە، ھەمدە بۇ كۈچلەرنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان سۈيۈق ماتېرىياللار ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ باردى.



سىڭلىمىز نۇرشىدە 2014-يىلى 8-ئايدا دوكتورلۇق ئوقۇشىنى پۈتتۈرگەن ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش




سىڭلىمىز نۇرشىدەنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى ئاساسىدا تەييارلانغان، بىر خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىدا كۆرگەزمە قىلىنغان تام گېزىتى

سىڭلىمىز نۇرشىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم هايات يولىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا، نۇرغۇن توسقۇنلۇقلارغا، ھەمدە نۇرغۇن مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچرىشى مۇمكىن. ئاشۇنداق ۋاقىتلاردا ئادەمنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئۈمىدۋار بولۇشى، ئۆز-ئۆزىگە ئىشىنىشى، ۋە ھاياتقا نىسبەتەن ئۈمىدۋارلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى بەك مۇھىم. بىزدە شۇنداق بىر روھ بار بولسۇنكى، ئۆزىمىزنى ئالدىمىزدىكى توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىقلاردىن كۈچلۈك، دەپ ھېسابلاپ، ئاشۇ توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىقلارنى چوقۇم يەڭگىلى بولمايدۇ، دەپ ئۆزىمىزگە مەدەت بېرىپ تۇرۇشىمىز كېرەك. داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلەپ بىلىم ئېلىپ، دۇنيانى تونۇشىمىز، پۇرسەت يارىتىپ ياخشى كىتابلارنى ئوقۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيىسى بىلەن بىلىمىنى كۆپەيتىپ تۇرۇشىمىز. شۇنداقلا ئۆگىنىشتىن ھەرگىزمۇ توختاپ قالماسلىقىمىز كېرەك.»

سىڭلىمىز نۇرشىدە ئوقۇرمەنلەرگە

تۆۋەنىدىكى بىر ئابزاس سۆزنى تەقدىم قىلدى. بۇ سۆز كالىفورنىيە ھۆكۈمىتىگە تەۋە «كىشىلەرنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان ھۆرمىتىنى، ھەمدە ئۆزىنىڭ كىشىلىك ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتلىرىنى كۈچەيتىش تەلىم-تەربىيە ئىشخانىسى» تەرىپىدىن تەييارلانغان:

«خاتىرىلەش قابىلىيىتى ھاياتنىڭ بىر تەبىئىي قىسمى. بىز سىناق قىلىش ئارقىلىق يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىمىز. خاتالىق بىلەن مەغلۇبىيەت بىزنىڭ ئۆگىنىش جەريانىمىزنىڭ مۇھىم قىسمىلىرى. ئېيىنىشتېين باشلانغۇچ مەكتەپ ماتېماتىكا دەرسلىرىنىڭ ئىمتىھانلىرىدىن ئۆتەلمىگەن. ئېدىسون 9000 دانىدىن كۆپ لامپۇچكا قىلىنى سىناق قىلىپ، ئاندىن نورمال ئىشلەيدىغان بىر دانە لامپۇچكا قىلىنى تاپقان. ۋالت دىسنېي ( Walt Disney) باغچە قۇرۇشتا 5 قېتىم مەغلۇپ بولۇپ، ئاندىن ھازىرقى دىسنېيلەند باغچىسى (Disneyland Park) نى قۇرۇپ چىققان. ئەگەر

بىز ئوخشۇشسىزلىقلارنى قوبۇل قىلساق، تەۋەككۈللۈك قىلىشنى ۋە يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىشنى توختىتىپ قويماي، ئۆزىمىزنىڭ ھاياجىنى بىلەن رازىمەنلىكىنىمۇ ئۆزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇپ ماڭالايمىز.»

دوكتور نۇرشىدە پولات ئېلان قىلغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئېلان قىلىدىغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تىزىملىكى (ئىنگلىزچە):

[1]Nuerxida Pulati, Maria Sobkowiak, Jonathan P. Mathews, Paul Painter, Low-Temperature Treatment of Illinois No.6 Coal in Ionic Liquids, Energy &Fuels, 2012, 26(6), 3548-3552.

[2]Paul Painter, Nuerxida Pulati, RuveydaCetiner, Maria Sobkowiak,

Gareth Mitchell, Jonathan Mathews, Dissolution and Dispersion of Coal in Ionic Liquids, Energy &Fuels, 2010, 24(3), 1848-1853.

[3]Paul Painter, Ruveyda Cetiner, Nuerxida Pulati, Maria Sobkowiak, Jonathan Mathews, Dispersion of Liquefaction Catalysts in Coal Using Ionic Liquids, Energy &Fuels, 2010, 24(5), 3086-3092.

[4]Paul Painter, Bruce Miller, Aron Lupinsky, Maria Sobkowiak, Andrea Choperena, Nuerxida Pulati, Separation of hydrocarbons from sand or other minerals using ionic liquids, 246TH ACS National Meeting, 2013, 9 .

[5]Nuerxida Pulati, “Dissolution and Dispersion of Coal in Ionic Liquids”,

2012 International Conference on Materials for Renewable Energy& Environment (ICMREE2012), Beijing, China, 5/2012.

[6]Nuerxida Pulati, “Dissolution and Dispersion of Coal in Ionic Liquids”, MRS Penn State Chapter Invited Talks Series, The Pennsylvania State Uniwersiteti, Uniwersiteti Park, PA, 7/2013.

[7]Nuerxida Pulati, Paul Painter, Bitumen Recovery from Oil Sands Using Deep Eutectic Solvent and Its Aqueous Solutions, in preparation.

[8]Nuerxida Pulati, Paul Painter, Timothy Tighe, Using Peakforce Tapping Atomic Force Microscopy Study the Interaction Forces between Bitumen and

Minerals Sands in Deep Eutectic (Choline Chloride-Urea) Solvent Solutions, in preparation.

## دوكتور پاتىگۈل ئىمىن (كانادا)

سىڭلىمىز پاتىگۈل ئىمىن 1972-يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدە بىر زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى سىنىپىنىڭ ئالدى بولۇپ تاماملاپ، 1989-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىندى. بەش يىللىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇشى جەريانىدا پاتىگۈل بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمەي ياخشى ئوقۇدى. ھەر بىر ئوقۇش يىلىدا مەكتەپنىڭ تۈرلۈك ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن مۇكاپاتلاندى. 1994-يىلى

ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، پاتىگۈل ئۆزى ئوقۇغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىندى.



سىڭلىمىز پاتىگۈل ئىمىننىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن كۈندىكى بىر پارچە خاتىرە رەسىمى

پاتىگۈل ئوقۇتقۇچى بولغان 1-يىلىدىن باشلاپلا، خىمىيە ۋە بىئولوگىيە فاكۇلتېتلىرىنىڭ يۇقىرى يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىغا «فىزىكا خىمىيىسى» ۋە «تۈزۈلۈش خىمىيىسى» قاتارلىق

دەرسلەرنى ئۆتۈپ، ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. پاتىگۈل بىر تەرەپتىن ئۆزىگە بۆلۈنگەن دەرسلەرنى ياخشى ئۆتۈشكە تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ۋاقىت چىقىرىپ ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەندى.

2001-يىلى 1-ئايدىن 2004-يىلى 1-ئايغىچە پاتىگۈل شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىدا دوكتور ئىسمائىل نۇرۇللانىڭ يېتەكلىشىدە ماگىستىرلىقتا ئوقۇدى. بۇ جەرياندا پاتىگۈل توك ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارىغا ئىگە يۇقىرى مولېكۇلىلىق ماتېرىياللار (Conjugated Polymer) تەتقىقاتىغا ئالاھىدە قىزىقتى. ھەمدە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش جەريانىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مەملىكەت ئىچىدىكى غوللۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى.

2006-يىلى 7-ئايدا پاتىگۈل شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تاللىشىدىن ئۆتۈپ،

كانادادىكى مەكماستېر ئۇنۋېرسىتېتى (McMaster University) غا بىر يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلدى. بۇ مەكتەپ دۇنيادىكى داڭلىق 100 ئالىي مەكتەپنىڭ ئىچىدىكى ئالدىنقى قاتارلاردا تۇرىدىغان مەكتەپ بولۇپ، تەتقىقات شارائىتى ۋە ئوقۇتۇش سۈپىتى ئالاھىدە ياخشى ئىدى.

كېيىنچە پاتىگۈل ئاشۇ مەكتەپتە دوكتورلۇق ئوقۇشنى قارار قىلدى. ئۇ مەكماستېر ئۇنۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇشقا قوبۇل قىلىش ئىمتىھانلىرىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ، 2007-يىلى 9-ئايدا مەكماستېر ئۇنۋېرسىتېتى خىمىيە كەسپىنىڭ ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا كىردى. 2009-يىلى 4-ئايدا ماگىستىرلىقتىن دوكتورلۇققا ئالمىشىش ئىمتىھانىدىن غەلىبىلىك ئۆتۈپ، 2009-يىلى رەسمىي دوكتورلۇقتا ئوقۇش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى.

دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدا پاتىگۈل

دوكتور يېتەكچىسى، پروفېسسور ئالېكس ئادرونوۋ (Alex Adronov) نىڭ يېتەكلىشىدە، ماتېرىيال ساھەسىدە دۇنياۋى قىزىق نۇقتىلارنىڭ بىرى بولغان، ئىنگلىزچە «Carbon Nanotube» (چوڭلۇقى چاچتىن يۈزمىڭ ھەسسە كىچىك، لېكىن پولاتتىن 50 ھەسسە كۈچلۈك بولغان، كاربوندىنلا تۈزۈلگەن تۇرۇبسىمان مولېكۇلا) ۋە «Conjugated Polymer» (توك ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارىغا ئىگە يۇقىرى مولېكۇلىلىق ماتېرىياللار) تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ جەرياندا پاتېنتگۈلنىڭ 12 پارچە ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى خەلقئارادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان خىمىيە ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىندى. پاتېنتگۈل يەنە نۇرغۇن قېتىم كانادا ئىچىدىكى ۋە خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىدا ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، كەسپداشلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدا پاتېنتگۈل يەنە

1- ۋە 2-يىللىق تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا ياردەمچى ئوقۇتقۇچى (Teaching Assistant) بولۇپ ئىشلەپ، ئۇ خىزمەتتىمۇ ئەلا بولۇپ باھالاندى.

مەكماستېر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇش جەريانىدا، پاتىگۇلنىڭ تەتقىقات ۋە ئوقۇش نەتىجىسى ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن بولغاچقا، پاتىگۇل 2008-يىلى مەكتەپ تەمىنلىگەن 3500 دوللار ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشتى. ھەمدە 3 قېتىم (2009-، 2010- ۋە 2011-يىللىرى) ئونتارىئو ئۆلكىسىنىڭ دوكتورلۇق ۋە ماگىستىرلىق ئوقۇغۇچىلىرىغا بېرىدىغان ئوقۇش مۇكاپات پۇلى (يىلىغا 15000 دوللار) غا، شۇنداقلا 2 قېتىم (2012- ۋە 2013-يىللىرى) كانادا تەبىئىي-پەنلەر فوندى جەمئىيىتى Natural Sciences and Engineering ) Research Council of Canada, (NSERC نىڭ دوكتورلۇق ئوقۇغۇچىلىرىغا بېرىدىغان ئەڭ يۇقىرى مىقدارلىق (يىلىغا 35000

دوللار) ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشتى.

پاتىگۈل ئۆزىنىڭ ئىنگلىزچە «Supramolecular Functionalization of Single Walled Carbon Nanotubes with Conjugated Polymers» دېگەن تېمىدىكى دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى غەلىبىلىك تاماملاپ، 2013-يىلى 9-ئاينىڭ 4-كۈنى مەكماستېر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى دوكتورلۇق ئوقۇشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى. سىزنىڭ پاتىگۈلنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن كۆرەلەيسىز:

https://macsphere.mcmaster.ca/bitstream/11375/13407/1/fulltext.pdf

2009-يىلى 4-ئايدا پاتىگۈل ئېرى مۇختەر ۋە قىزى مۇنىرە بىلەن كانادادا جەم بولدى. دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدا پاتىگۈل ئىككىنچى قىزى پەرىدەگە ئانا بولدى. پاتىگۈلنىڭ يولدىشى

مۇختەر ھەمت ھازىر مەكماستېر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىدا دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتىدۇ.

دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، پاتىگۈل كانادانىڭ نىئاگارا شەھرىدىكى بىر شىركەتتە تەتقىقاتچى ۋە بىر تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.




سىڭلىمىز پاتىگۈل ئىمىننىڭ دوكتورلۇق ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدىن كېيىن دادىسى ئىمىنجان ۋە ئاپىسى نۇرنىسا بىلەن چۈشكەن خاتىرە رەسىمى

سىڭلىمىز پاتىگۈل مۇنداق دەيدۇ: «مەن 20

ياش ۋاقتىمدىلا دوكتورلۇقتا ئوقۇشنى نىيەت قىلغان بولسامۇ، بۇ ئارزۇيۇم 40 ياشقا كىرگەندە ئاندىن ئەمەلگە ئاشتى. بىز بىلىمىزنى قويۇۋەتمەي ئۆزلۈكسىز تىرىشىدىغانلا بولساق، چوقۇم ئۆزىمىز ئارزۇ قىلغان نىشانغا يېتەلەيدىكەنمىز. مەن ئۆزۈمنىڭ ھازىرغىچە بولغان ھاياتىدا مېنىڭ ئوقۇشۇمنى يېقىندىن قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ، مېنى ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرغان ئاتا-ئانامغا، ئېرىمگە، ھەمدە ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق دوستلارغا چىن يۈرىكىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!»

خۇددى دوكتور نۇرشەدە پولاتقا ئوخشاشلا، سىڭلىمىز پاتىگۈل ئىمىنمۇ ھازىرقى زامان ئاۋانگارت ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ بىر تىپىك ۋەكىلى بولۇپ، مەن بۇ ئىككى سىڭلىمىزدىن تولىمۇ پەخىرلىنىمەن.

دوكتور پاتىگۈل ئىمىن ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تىزىملىكى (ئىنگلىزچە):

Journals:

[1] Patigul Imin , Mokhtar Imit , and Alex Adronov “Supramolecular Functionalization of Single-Walled Carbon Nanotubes (SWNTs) with a Photoisomerizable Conjugated Polymer”, Macromolecules, 2012, 45: 5045-5050.

[2] Xin Pang, Patigul Imin, Igor Zhitomirsky and Alex Adronov, “Conjugated Polyelectrolyte Complexes with Single-Walled Carbon Nanotubes for Amperometric Detection of Glucose with Inherent Anti-Interference Properties” J. Mater. Chem., 2012, 22, 9147-9154.

[3] Li, X.; Imin, P.; Adronov, A.; Zhitomirsky, I. “Effect of 5-sulfosalicylic

Acid and Poly[2,5-bis(3-sulfonatopropoxy)-1,4-ethynylphenylene-alt-1,4-ethynylphenylene] on Electrodeposition of Polypyrrole - Carbon Nanotube Films on Stainless Steel", Materials Lett., 2012, 68: 24-27.

[4] Kangmin Wu, Patigul Imin, Yanchao Sun, Xin Pang, Alex Adronov, Igor Zhitomirsky "Electrophoretic Deposition of Composite Films from Solutions of Conjugated Polymers and their Supramolecular Complexes with Carbon Nanotubes", Materials Lett., 2012, 67: 248-251.

[5] Patigul Imin , Mokhtar Imit , and Alex Adronov "Supramolecular Functionalization of Single Walled Carbon Nanotubes (SWNTs) with

Dithieno[3,2-b:2',3'-d]pyrrole (DTP) Containing Conjugated Polymers", Macromolecules, 2011, 44: 9138-9145.

[6] Patigul Imin, Fuyong Cheng and Alex Adronov, "The Effect of Molecular Weight on the Supramolecular Interaction Between a Conjugated Polymer and Single-Walled Carbon Nanotubes", Polym. Chem., 2011, 2: 1404 - 1408.

[7] Patigul Imin, Fuyong Cheng and Alex Adronov, "Supramolecular Complexes of Single Walled Carbon Nanotubes with Conjugated Polymers", Polym. Chem., 2011, 2, 411-416.

[8] Kangmin Wu, Patigul Imin, Alex Adronov, Igor Zhitomirsky, "Electrophoretic Deposition of

Poly[3-(3-N,N-diethylaminopropoxy)thiophene] and Composite Films", Mater. Chem. Phys., 2011, 125, 210-218.

[9] Xin Pang, Patigul Imin, Igor Zhitomirsky and Alex Adronov, "Amperometric Detection of Glucose Using a Conjugated Polyelectrolyte Complex with Single-Walled Carbon Nanotubes", Macromolecules, 2010, 43, 10376-10381.

[10] Travis Casagrande, Patigul Imin, Fuyong Cheng, Gianluigi A. Botton, Igor Zhitomirsky and Alex Adronov, "Synthesis and Electrophoretic Deposition of Single-walled Carbon Nanotube Complexes with a Conjugated Polyelectrolyte", Chem. Mater. 2010, 22: 2741-2749.

[11] Fuyong Cheng, Patigul Imin, Sorin Lazar, Gianluigi A. Botton, Glynis de Silveira, Ognian Marinov, Jamal Deen and Alex Adronov "Supramolecular Functionalization of Single Walled Carbon Nanotubes with Conjugated Polyelectrolytes and their Patterning on Surfaces". Macromolecules. 2008, 41: 9869-9874.

[12] Fuyong Cheng, Patigul Imin, Christian Maunders, Gianluigi Botton and Alex Adronov, "Soluble, Discrete Supramolecular Complexes of Single Walled Carbon Nanotubes with Fluorene-based Conjugated Polymers" Macromolecules. 2008, 41: 2304-2308.

Conferences:

[13] Patigul Imin , Mokhtar Imit , and Alex Adronov, “Supramolecular Complexes of Single Walled Carbon Nanotubes with Conjugated Polymers”, 11th International Symposium on Functional ?-Electron Systems, Arcachon, France, June 2013.

[14] Patigul Imin , Mokhtar Imit , and Alex Adronov, “Supramolecular Functionalization of Single Walled Carbon Nanotubes (SWNTs) with Dithieno[3,2-b:2',3'-d] pyrrole (DTP) Containing Conjugated Polymers”, 94rd Canadian Chemistry Conference, Montreal, QC, Canada, June 2011.

[15] Patigul Imin, Fuyong Cheng and Alex Adronov, “Noncovalent Functionalization of SWNTs with

Conjugated Polymers", 217th ECS Meeting, Vancouver, BC, CA, April 2010.

[16] Imin, P.ang, X.; Adronov, A.; Wu, K. ; and Zhitomirsky, I., "Synthesis and Electrophoretic Deposition of Conjugated Polyelectrolytes and their Complexes with Single-Walled Carbon Nanotubes", 93rd Canadian Chemistry Conference, Toronto, ON, Canada, May 2010.

[17] Patigul Imin, Fuyong Cheng and Alex Adronov, "Noncovalent Functionalization of SWNTs with Conjugated Polymers" 92nd Conference of the Canadian Society for Chemistry, Hamilton, ON, Canada, May 2009.

# دوكتور ناسىرھاجى مەمتىلى (ياپونىيە)

ئىنىمىز ناسىرھاجى مەمتىلى (ئىنگلىزچە «Nassirhadjy MEMTILY» دەپ يېزىلىدۇ) 1969-يىلى قاغىلىق ناھىيىسىدە بىر ئىشچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچ ھەم ئوتتۇرا مەكتەپنى مائارىپ ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان ئاتۇش شەھىرىدە ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، 1988-يىلى شاڭخەي تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى (ھازىرقى فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شاڭخەي تىببىي ئىنستىتۇتى) نىڭ داۋالاش كەسپىگە قوبۇل قىلىندى. ئۇ غەربىي-شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا 2 يىل تەييارلىق ئوقۇغاندىن كېيىن ئاندىن رەسمىي ئوقۇشنى باشلاپ، شاڭخەيدە 1995-يىلى داۋالاش كەسپىنىڭ باكلاۋۇرلۇق ئوقۇشنى تاماملىدى.

باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن،

ناسىرھاجى شۇ چاغدىكى تەقسىمات بويىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سەھىيە نازارىتى تەۋەلىكىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا تەقسىم بولۇپ، فىزىئولوگىيە (ھاياتلىق بىلىمى) ئوقۇتقۇچىسى بولدى. 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ مەكتەپ شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوشۇۋېتىلگەندە، بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسپىي ئىنستىتۇتىدا فىزىئولوگىيە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىدى.

2004-يىلى ئۆز ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىئوخىمىيە ۋە مولېكۇللىق بىئولوگىيە تېخنىكىسى كەسپىدە ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا كىردى، ھەمدە بۇ ئوقۇشنى 2007-يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ناسىرھاجى شۇ يىلى يېڭىدىن قۇرۇلغان ئۇيغۇر تىبابەت فاكۇلتېتىغا ئۆزى ئىلتىماس قىلىپ ئالمىشىپ باردى. ئۇ يەردە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر تىبابىتى ئۆگىنىپ، يەنە بىر

تەرەپتىن ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ تولۇق كۇرس دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش خىزمىتىگە ياردەملەشتى. شۇ مەزگىلدە ئۇ ماگىستىرلىق ئۇنۋانى سەۋىيىسىدە تۇرۇپ قالغاندا، ئۆزىنىڭ بىلىمى ئۇيغۇر تىبابەت ۋە دورىگەرلىك تەتقىقاتىغا ئازلىق قىلىپ قالىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

ناسىرھاجى كىچىكىدىنلا يىراق جايلارغا بېرىپ، ئەڭ ئاخىرغىچە ئۆرلەپ ئوقۇشنى ئۆزى ئۈچۈن بىر نىشان قىلىپ تىكلىگەن بولغاچقا، ئىشلەپ مۇشۇ مەزگىلگە كەلگەندە ئۇ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشقا رەسمىي بەل باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاتتىق تىرىشىپ، 2010-يىلى ياپونىيەدىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولغان تسۇكۇبا ئۇنىۋېرسىتېتى ( University of Tsukuba) نىڭ دوكتورلۇق ئىمتىھانىدىن ياخشى نەتىجە بىلەن ئۆتۈپ، ئاشۇ مەكتەپنىڭ ئىنسانىيەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ئىنستىتۇتى كانسېي ئادەتلىنىشلىك مېڭە ئىلمى تەتقىقات بۆلۈمىگە

قوبۇل قىلىندى.




ئىنىمىز ناسىرھاجى تسۇكۇبا ئۇنىۋېرستېتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدىكى بىر خاتىرە رەسىم

گەرچە ناسىرھاجىنىڭ ئائىلىسى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە دوست-بۇرادەرلىرى ئۇنىڭغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىش ئارزۇسىنى قايتا-قايتا بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ناسىرھاجى بۇ ياردەملەرنى رەت قىلىپ، «ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ

ئوقۇيمەن» دېگەن يولنى تاللىدى. دەسلەپكى 2 يىلدا ناسىرھاجى يىلدا ئاران بىر كۈن، يەنى پەقەت نورۇز بايرىمىدىلا ئارام ئېلىپ، ئۈنىڭدىن باشقا كۈنلەرنىڭ ھەممىسىدە بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن ئىشلىدى. ئۇ ھەر كۈنى ۋېلسىپىت بىلەن 8 كىلومېتىر يول يۈرۈپ (بېرىپ-كېلىش ئۆچۈن 16 كىلومېتىر يول يۈرۈپ)، دۈشەنبىدىن جۈمەگىچە ئەتىگەن سائەت 7-8 لەردىن كەچ سائەت 11-12 لەرگىچە ئىشلىدى. ئاربلاپ-ئاربلاپ تەجرىبىخانىدا ئۇخلاپ قوپتى. شەنبە، يەكشەنبە ۋە بايرام كۈنلىرى بولسا ئەتىگەندىن كەچكىچە بىر رېستوراندا ئىشلەپ، ئوقۇش چىقىمى بىلەن ئائىلە تۇرمۇشىغا كېتىدىغان ئىقتىسادىنى ھەل قىلىپ، تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇردى. دوكتورلۇق ئوقۇشىنى باشلاپ 2 يىل ئۆتكەندە ئاندىن ئوقۇش مۇكاپاتى پۇلىغا ئېرىشتى. ئۈنىڭدىن كېيىن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تەتقىقاتقا كىرىشىپ كەتتى. تەتقىقات جەريانىدا بىر قىسىم مۇھىم يېڭى

بايقاشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، شۇلارنى مەزمۇن قىلغان ئىلمىي ماقالىسىنى ياۋروپانىڭ «خەلقئارالىق ئۆسمە كېسەللەر ژۇرنىلى» ( International Journal of Oncology) دا ئېلان قىلدى. يەنە بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مەزمۇن قىلغان ئىلمىي ماقالىلىرى هازىر ئېلان قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

ئىنىمىز ناسىرهاجى دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدا يەنە ياپونىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەردە ئېچىلغان خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىغا قاتناشتى. هەمدە ئۇ يىغىنلاردا هۈجەيرە پەردىسىدىكى ئايرىپ ئېلىش قىيىن بولغان ئاقسىللارنى ئايرىپ ئېلىش، هەمدە ئۇلارنىڭ 3 ئۆلچەم (D3) لىك تەسۋىرىنى ئېلېكترونلۇق مىكروسكوپ ۋە كومپيۇتېر تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش، هايۋانات توقۇلمىلىرىنى قۇرۇتماي ياكى مۇزلاتماي تۇرۇپ، سۇيۇقلۇق ئىچىدە مىكروسكوپ بىلەن كۆزىتىش،

ھەمدە ئۇنىڭ ئۆسمە ئوپېراتسىيىسى جەريانىدىكى قوللىنىشچانلىقى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار بويىچە ئۆزى قولغا كەلتۈرگەن ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى ھەققىدە ئىلمىي دوكلات بەردى. ئىنىمىز ناسىرھاجى مەمتىلى ئەنە شۇنداق ياخشى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن 2015-يىلى تسۇكۇبا ئۇنىۋېرستېتىنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

ئۇنىڭ ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش، ۋە ئۇيغۇر تىبابىتى تەتقىقاتى ئۇچۇن ئازراق بولسىمۇ ھەسسە قوشۇش ئارزۇسى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى بۇرۇنقى خىزمەت ئورنىغا قايتىپ، شۇ يەردە ئىشلەش ئالدىدا تۇرماقتا.

دوكتور ناسىرھاجى مەمتىلىنىڭ ئۇيغۇر ياشلىرىغا مۇنداق يۈرەك سۆزلىرى بار: «بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمدىن، بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتتىن تەلىم-تەربىيە بىلەن پەرقلىنىدۇ. مۇستاپا كامال ئاتا تۈركنىڭ 1924-يىلىدىكى سۆزى بىلەن

ئېيتقاندا، ‹تەربىيەدۇركى، بىر مىللەتنى يا ھۆر، مۇستەقىل، شانلىق، ئالىي بىر توپلۇق خەلق قىلىپ ياشىتىدۇ، ياكى بىر مىللەتنى قۇللۇق ۋە يوقسۇللۇققا تەرك ئېتىدۇ.› بىزلەر ئۈچۈن زۆرۈر تەربىيە شۇكى، ھەر بىر ياش ئېتىقادلىق ھەم بىلىملىك بولسا، بىز روناق تاپىمىز. ئۈمىدسىزلىك ئەڭ چوڭ دۈشمىنىمىزدۇر. ئۈمىدۋارلىق توغرىسىدا مۇنداق بىر ھەدىس بار: ‹ئۈمىدۋار گۇناھكار ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئۈمىدسىز ئابىدىن يېقىن.›»




ئىنىمىز ناسىرھاجىنىڭ يەنە بىر خاتىرە رەسىمى

دوكتور ناسىرھاجى مەمتىلى قېرىنداشلار ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ قولدىن كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىپ بېرىشنى ئىستەيدۇ. ئەگەر قېرىنداشلار ئارىسىدا بىئوخىمىيە كەسپىگە ئائىت تەتقىقات ۋە تېخنىكا، شۇنداقلا ئۇيغۇر تېبابىتى تەتقىقاتى توغرىسىدا مەسلىھەت سوراشنى ئىستەيدىغانلار بولسا، ئۇلار ئىنىمىز ناسىرھاجى بىلەن ئالاقىلەشسە بولىدۇ. ناسىرھاجى ئۆزىمىز سورالغان سوئالنىڭ جاۋابىنى بىلسە، ئۇنىڭغا ئۆزى بىراقلا جاۋاب بېرىدۇ. ئەگەر ئۆزى تولۇق جاۋاب بېرەلمەي قالسا، ئۇ ئىزدىنىش ۋە باشقىلاردىن سوراش ئارقىلىق يۇقىرىقىدەك قېرىنداشلارغا ياردەم قىلىشنى خالايدۇ. ئاشۇنداق قېرىنداشلار ئىنىمىز ناسىرھاجى بىلەن memtily@hotmail.com ياكى memtily@kansei.tsukuba.ac.jp ئارقىلىق ئالاقىلەشسە بولىدۇ.

دوكتور ناسىرھاجى مەمتىلى ھازىرغىچە ئېلان

قىلغان ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ تىزىملىكى (ھەر خىل تىللاردا):

[1]Nassirhadjy MEMTILY, et al, The expression of rat interleukin-6 gene in COS-7 cell. Journal of Xinjiang Medical University 2007:23(1)15～22.

[2] Nassirhadjy Memtily, et al. Ulcerative colitis, pathogenesis Xinjiang Medical Journal 2007:37 (1) 121～125.

[3] Aziguli・Keremu, LONG Mei, Halmurat • Wufuer, Nassirhadjy MEMTILY, et al. Construction of rat IL <http://cdmd.cnki.com.cn/Article/CDMD-10760-2007216583.htm> 6 gene siRNA expression vector Journal of Xinjiang Medical University 2007:30 (9) 932～935.

[4] WU Gui xia, Kurexi • Yunusi, Kelala •Abasi, Nassirhadjy MEMTILY, et al. Construction of eukaryotic expression vector iNOS of UC rats and its expression on COS-7 cell. Journal of Xinjiang Medical University 2007:30 (9) 935~938.

http://cdmd.cnki.com.cn/Article/CDMD-10760-2007216583.htm

[5] Nassirhadjy MEMTILY, et al. PBL-Fits functional subject teaching. Journal of Xinjiang Medical University 2007:23(6) 57~59.

[6] Nassirhadjy MEMTILY, et al. Observation of Cell Adhesion Molecules in different type of Abnormal Humor Syndrome patients with Coronary Heart Disease. Journal of Xinjiang Medical

University 2008:24(1).

[7] 左宏莉,纳斯尔阿吉・买买提艾力,郭伟鹏,卢申，金琼华，黄鑫淼，张志欣,吐尔洪 •克维尔. 新疆汉族人群血小板抗原 1-5、15 系统基因多态性分析[J]. 中国输血杂志,2009,22(1): 29-31.

[8] MEMTILY Nassirhadjy, 三尾 和弘 ,小椋 俊彦，清中 茂樹 ，森 泰生，佐藤 主税. 透過型電子顕微鏡を用いた三次元再構成法によって明らかにされた TRPC5 イオンチャネルの構造年度 TRP 研究会 2013，生理学研究所.

[9] Memtily Nassirhadjy; Mio Kazuhiro, Sato Mari; Ebihara Tatsuhiko; Sato Chikara.

Observation of Tissues in Solution by Atmospheric Scanning Electron Microscope (ASEM ) Microscopy and

Microanalysis vol. 20, issue S3, pp. 978-979.

[10] Memtily N, Okada T, Ebihara T, Sato M, Kurabayashi A, Furihata M, Suga M, Nishiyama H, Mio K, Sato C. Observation of Tissues in Open Aqueous Solution by Atmospheric Scanning Electron Microscopy: Applicability to Intraoperative Cancer Diagnosis. Int J Oncol. 2015 Feb 24. doi: 10.3892/ijo.2015.2905.

ئاپتور(بىلىمخۇمار)دىن:

--تەپەككۇرىڭىزغا ئەھمىيەت بېرىڭ (ياكى دىققەت قىلىڭ)، ئۇ سىزنىڭ پوزىتسىيەلىرىڭىزنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

--پوزىتسىيەلىرىڭىزگە ئەھمىيەت بېرىڭ، ئۇ سىزنىڭ گەپ-سۆزلىرىڭىزنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

--گەپ-سۆزلىرىڭىزگە ئەھمىيەت بېرىڭ، ئۇ سىزنىڭ ئىش-ھەرىكىتىڭىزنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

--ئىش-ھەرىكىتىڭىزگە ئەھمىيەت بېرىڭ، ئۇ سىزنىڭ ئادەتلىرىڭىزنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

--ئادەتلىرىڭىزگە ئەھمىيەت بېرىڭ، ئۇ سىزنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىڭىزنى شەكىللەندۈرىدۇ.

--كىشىلىك خاراكتېرىڭىزگە ئەھمىيەت بېرىڭ، ئۇ سىزنىڭ مەنزىلىڭىزنى بەلگىلەيدۇ.

يۇقىرىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنبەسى ئېنىق

ئەمەس بولۇپ، ئۇلار بىزگە مۇنداق بىر ئىشنى بىلدۈردى: بىز جىمجىت ۋە ئۆزىمىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى ئاساسىدا قىلغان تاللاشلار بىزنىڭ كېلەچىكىمىزنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ تەپەككۇر قىلىش ۋە ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار ئۈستىدە ئويلىنىش ئىقتىدارىمىزنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىمىزنىڭ تەپەككۇرى، پوزىتسىيەلىرى، گەپ-سۆزلىرى، ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە ئادەتلىرى ھەققىدە مەقسەتلىك تاللاشلارنى ئېلىپ بارىدىكەنمىز، ئۇ ھالدا، مەيلى ئۆيدە بولسۇن ياكى خىزمەت ئورنىدا بولسۇن، بىز ئۆز ھاياتىمىزنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى بۇرۇنقىدىن ياخشىراق قىلالايمىز.

يۇقىرىقىدەك قىلىشنىڭ ئورنىغا، نۇرغۇنلىرىمىز ئۆزلىرىمىزنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ھېسابلايمىز. بىز ئۆز شارائىتىمىز ۋە باشقىلارنىڭ ئۆزىمىزگە قىلغانلىرى ئۈستىدە دەرد تۆكىمىز. ئىشلار ياخشى يۈرۈشمىگەن ۋاقىتتا

ئۆزىنى ئامالسىز ۋە گۇناھسىز دەپ ئويلاش ئادەمگە مەلۇم پسىخولوگىيەلىك راھەتنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن، ئەمما سىز ئۆزىڭىزنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ھېسابلاپ ئۆتكۈزگەن ھاياتىڭىزغا ئەڭ ئاخىرىدا سىز ئۆزىڭىز يەنىلا رازى بولمايسىز.

بىز ئەندىشە قىلىش، خەۋپلىك ھېس قىلىش، غەزەپلىنىش، ئاچچىق يۇتۇش، ھەسرەت چېكىش ۋە چۈشكۈنلىشىشكە ئوخشاش ناھايىتى كۈچلۈك ھېسسىياتلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا ئۆزىمىزنى ئاسانلا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ھېسابلاپ قالىمىز. بۇنداق ھېسسىياتلارنىڭ تەسىرى بەزىدە ئادەم غالىب كەلگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كۈچلۈك بولۇپ، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان روھىي ھالىتىگە نىسبەتەن «ساقلانغىلى بولمايدىغان ئەھۋال»، دەپ ئويلاپ قالىمىز. ئاشۇنداق ۋاقىتلاردا بىزدە پەقەت «يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار ئۆزلۈكىدىن ئوڭشىلىپ كېتىدۇ»، دەيدىغان بىرلا ئۈمىد بار

بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ھېسسىياتلىرىمىز ئاشقۇنداق قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ۋاقىتتا ئۆزىمىزنىڭ تاللاش قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئوي-پىكىرلىرى ۋە پوزىتسىيەلىرىنى مۇۋاپىق تاللاش ھەممىدىن مۇھىم. بىز ئاغرىقنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتەلمەيمىز، ئەمما بىز ئازابلىنىشنى رەت قىلالايمىز.

بىز ئۆزىمىز قارار قىلىپ بولغان تاللاشلارنىڭ ھېچ قايسىسىنى ياخشى كۆرمىگەن ۋاقىتتىمۇ، ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ تاللاشلىرىنى ئۆزىمىز كونترول قىلالايدىغانلىقىمىزنى تونۇپ يەتكەن ھامان، بىز يەنە ئۆزىمىز ياخشى كۆرىدىغان تاللاشلارنى تاللىيالايمىز.

ئۆزىمىزنى بەختلىك بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىمىزگە ئېلىش بەزىدە ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر ئىشتەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن، بىراق ئۇنىڭدىن كېلىدىغان پايدا ناھايىتىمۇ زور بولىدۇ. گەرچە بىز ئۆز

تۈرمۇشىمىزنى يۈزدە-يۈز كۆڭۈلدىكىدەك قىلالمىساقمۇ، بىز ئۇنى بۇرۇنقىدىن ياخشىراق قىلالايمىز، ھەمدە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇرۇنقىدىن كۆپ ياخشى قىلالايمىز.

مەن يېقىندا ئۆزۈمنىڭ «يالغانچىلىققا ئائىت 12 ھەقىقەت» دېگەن يازمىسىدا ئامېرىكىدىكى «مايكۇل جوسېفسون» ( Michael Josephson) ئىسىملىك بىر تونۇلغان ئەخلاق مۇتەخەسسىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان ئىدىم [1]. ئاشۇ مايكۇل ئۆزىنىڭ تور بېتىدە 2015-يىلى 31-مارت كۈنى «زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بولۇۋېلىش روھىي ھالىتىنى داۋالاش» دېگەن تېمىدا بىر پارچە قىسقا يازما ئېلان قىلغان بولۇپ، يۇقىرىدىكىسى ئاشۇ يازمىنىڭ مەزمۇنىدىن ئىبارەت [2].

يۇقىرىدىكى قىسقا يازمىدىن كۆرۈۋالغىنىمىزدەك، بىر ئادەمنىڭ ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئاشۇ ئادەم ھەر كۈنى قارار قىلىپ

ئالىدىغان تاللاشلار بەلگىلەيدۇ. بىر ئادەمنىڭ تاللىشىنىڭ قانداق بولۇشى ئاشۇ ئادەمنىڭ تەپەككۇر، پوزىتسىيە، گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەت، ئادەت ۋە كىشىلىك خاراكتېر جەھەتلەردە قانداق بولۇشىنى بەلگىلەپ، بۇ ئامىللار بولسا ئاشۇ ئادەمنىڭ ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. بىز بىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بولۇۋېلىپ، ئۆز ئۆمرىمىزنى قېيىداش ئىچىدە ئۆتكۈزسەك، ئۇنىڭ زىيىنى ئۆزىمىزگە بولىدۇ. بىز ئاغرىقتىن ساقلىنالماسلىقىمىز مۇمكىن، ئەمما ئاغرىقنىڭ ئازابىنى تارتىش-تارتماسلىق ئۆزىمىزگە باغلىق.

مەن بۇ قېتىم يەنە 3 نەپەر قېرىندىشىمىزنى تونۇشتۇرىدىغان بولۇپ، ئۇلار مەن تونۇشتۇرغان 26-، 27- ۋە 28-قېرىندىشىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئوقۇرمەنلەرگە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، مەن ئالدىنقى قېتىملىق ماقالىنىڭ تور ئادرېسىنى مۇشۇ يازمىنىڭ ئاستىغا كىرگۈزۈپ

قويىدۇم. تۆۋەندىكى مەزمۇندىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، مەن بۇ قېتىم تونۇشتۇرىدىغان 3 نەپەر قېرىندىشىمىز كىچىك ۋاقتىدىلا كەلگۈسىدە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى ئۆزى ئۈچۈن بىر ئارزۇ، بىر نىشان، ياكى بىر غايە قىلىپ تاللىۋالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا ئاشۇ غايىنى كۆزلەپ، قاتتىق تىرىشقان، جاپا-مۇشەققەتلەرگە تىز پۈكمىگەن، ئوڭۇشسىزلىقلارغا باش ئەگمىگەن. ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ، تاللىغان نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن باشتىن-ئاخىر قاتتىق ئىشلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇيرۇلغان ياردەملەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانى ۋە ياخشى خىزمەت ئورۇنلىرىغا ئېرىشىپ، ئۆز ئارزۇلىرىغا يەتكەن. مەن بۇ قېتىم تونۇشتۇرىدىغان بىر ئۇكىمىزنىڭ بىر تەتقىقات نەتىجىسى دۇنيادىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ژۇرناللارنىڭ بىرى بولغان «ئىلىم-پەن» (Science) ژۇرنىلىغا بېسىلغان بولۇپ، ئۇ ئۇكىمىز هازىر دۇنيادىكى ئىقتىساد ساھەسىگە تەسىرى ئەڭ چوڭ

ئورۇنلارنىڭ بىرى بولغان شۋېتسارىيە بانكىلىرىنى ئۈچۈر-تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان بىر ئورۇندا ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكا خادىمى ۋە تېخنىكىلىق يېتەكچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. مەن بۇ قېتىم تونۇشتۇرىدىغان يەنە بىر ئۈكىمىز ھازىرغىچە كۆپلىگەن ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇ ھازىر كانادادىكى دۇنيادىكى ئەڭ ئالدىنقى 25 نىڭ ئىچىگە كىرگەن بىردىنبىر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتقۇچى ھەم تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. مەن بۇ قېتىم تونۇشتۇرىدىغان يەنە بىر ئۈكىمىزنىڭ بىر تەتقىقات نەتىجىسى دۇنيادىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ژۇرناللارنىڭ بىرى بولغان «تەبىئەت» (Nature) ژۇرنىلىغا بېسىلغان بولۇپ، ئۇ ھازىر ياپونىيەدىكى مۇھىم ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ بىرىدە ناھايىتى مۇھىم ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. مەن بۇ 3 نەپەر ئىنىمىزدىن ناھايىتىمۇ پەخىرلىنىمەن، ھەمدە مەزكۇر ماقالىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن

سىزنىڭمۇ شۇنداق قىلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.

بىر نامەلۇم قېرىندىشىمىز «http://www.doktor.cn» دېگەن تور بەتنى ياساپ، ئۇنىڭغا هازىرغىچە تورلاردا تونۇشتۇرۇلغان ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇنلىرىنىڭ ماتېرىياللىنى يىغىپتۇ. گەرچە كىشىلەرنى كاتېگورىيەگە ئايرىش جەھەتتە بىر ئاز مەسىلە بار بولسىمۇ، ئۇ بارا-بارا ياخشىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. مەن ئوقۇرمەنلەرگە بۇ تور بەتنى كۆرۈپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. شۇنداقلا ئىمكانىيىتى بار قېرىنداشلاردىن مەزكۇر تور بەتنىڭ بىر يۇقىرى سۈپەتلىك تور بېتى بولۇپ قېلىشىغا ياردەمدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. سىز قىلالايدىغان ئىشلارنىڭ بىرى، ئەگەر سىز تورلاردا تونۇشتۇرۇلغان، ئەمما يۇقىرىدىكى تور بېتىگە تېخىچە كىرمىگەن قېرىنداشلىرىمىزنى بىلسىڭىز، ئاشۇنداق قېرىندىشىمىز تونۇشتۇرۇلغان يازمىلارنىڭ تور ئادرېسىنى مۇشۇ يازمىنىڭ ئاستىغا ئىنكاس شەكلىدە يېزىپ قويۇڭ. يۇقىرىدىكى

http://www.doktor.cn تورىنىڭ باشقۇرغۇچىسى سىز يوللىغان ئۇچۇردىن پايدىلانسۇن.

## دوكتور ئابدۇشۇكۇر ئابدۇرىشىت (شۋېتسارىيە)



دوكتور ئابدۇشۇكۇر ئابدۇرىشىت

ئىنىمىز ئابدۇشۇكۇر ئابدۇرىشىت 1970-

يىلى كۇچا ناھىيەسىدە بىر ھاللىق زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1988-يىلىغىچە كۇچادا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ تەربىيىسىنى ئالغان بولۇپ، ئۇ ھەر يىلى «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ تاللىنىپ، ئۇنىڭ ئىسمى نۇرغۇن قېتىم شەرەپ تاختىلىرىغا چىقىرىلدى. 1988-يىللىق مەكتەپ بويىچە ئالىي مەكتەپكە تاللاش ئىمتىھانىدا ئابدۇشۈكۈر مەكتەپ بويىچە 1-بولغانلىقى ئۈچۈن، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىن ئىمتىھانسىز ئوقۇغۇچى تاللاشقا ئادەم كېلىپ، تەبىئىي-پەن سىنىپلىرىدىن ئابدۇشۈكۈرنى 1-بولۇپ تاللىدى. ئەمما ئابدۇشۈكۈرنىڭ تېخىمۇ چوڭ بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇش ئارزۇسى بار بولغاچقا، ھەمدە ئىمتىھان بېرىپ ئۆزىنى سىناپ باقماقچى بولغاچقا، ئۇ بۇ تەكلىپنى چىرايلىقچە رەت قىلىپ، ئىمتىھان بېرىشكە قارارىغا كەلدى. ئۇ شۇ يىللىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا 578 نومۇر بىلەن پۈتۈن

ئاپتونوم رايون بويىچە 1-بولۇپ، شاڭخەي مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىندى. لېكىن، 2 يىل بۇرۇن دادىسى قاتناش ھادىسىسىدە تۇگەپ كەتكەن، ئائىلە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى ئېغىر بولغاچقا، گەرچە ئابدۇشۈكۈرنىڭ مېدىتسىنا كەسپىدە ئوقۇش ئارزۇسى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئۇ ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوقۇيدىغان مەكتەپ بىلەن كەسپىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىغا ئالماشتۇردى.

بەش يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا ياتاق، سىنىپ ۋە كۇتۇپخانىدىن ئىبارەت مۇشۇ 3 ئورۇن ئابدۇشۈكۈرنىڭ ئاساسىي ياشاش ئورۇنلىرى بولۇپ قالدى. ئۇ ئانىسى ۋە ئائىلىسىگە ئېغىرچىلىق سالماسلىق ئۈچۈن، ئۇ كىنو-تىياتىرلار، ۋە ئارىلاپ ياتاقلاردا بولۇپ تۇرىدىغان «يۇرتلۇقلار» ۋە «ياتاقداشلار» ئولتۇرۇشلىرىدىن يۈتۈنلەي ۋاز كەچتى. ئۇ 5 يىللىق ئوقۇش ھاياتىنى ئىنتايىن زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ھەر يىلى ھەر

مەۋسۇمدا 1-دەرىجىلىك ئوقۇش مۇكاپاتى ۋە ياپونىيەلىك ساخاۋەتچى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان كوجىما ياسۇتاكا (小岛康誉) مۇكاپاتىنى ئېرىشتى. شۇنداقلا مەكتەپ بويىچە بىر قانچە قېتىم «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچىلار ئۈلگىسى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. ئۇ 1992-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچىلار ئۈلگىسى» بولۇپ باھالىنىپ، خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق مۇراسىمدا مۇكاپاتلاندى.

ئابدۇشۈكۈر ئۈنىۋېرسىتېتتا ئەنە شۇنداق قاتتىق تىرىشىپ ئوقۇپلا قالماستىن، يەنە تەتىلدە يۇرتقا قايتقاندىمۇ ۋاقتىنى قولدىن بەرمەي، ئىنگلىز تىلى ئۆگەندى، ھەمدە كېيىنكى مەۋسۇملۇق ئوقۇش ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ ئىقتىسادا توپلاش ئۈچۈن قۇرۇلۇشلاردا قۇرۇلۇش ئىشچىسى بولۇپ ئىشلىدى.

ئابدۇشۈكۈرنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى نەتىجىسى

ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ فاكۇلتېتتىكىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتتى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇنى 1993-يىلى باكالاۋۇرلۇقنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا ئىمتىھانسىز ماگىستىرلىقتا ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلدى.

ئابدۇشۈكۈرنىڭ غايىسى بولسا ئالىي مەكتەپنى تېزرەك پۈتتۈرۈپ، ئائىلىسىنىڭ يۈكىنى ئۈستىگە ئېلىش ئىدى. ئەمما ئانىسى ئابدۇشۈكۈرنىڭ بۇنداق قىلىشىغا قوشۇلمىدى، ھەمدە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «ئويلاپ باق، بۇنداق پۇرسەت ساڭا كۈندە كېلىپ تۇرامدۇ؟ قانچىلىك ئادەم سەن ئېرىشۋاتقان بۇنداق پۇرسەتكە ئېرىشتى؟ مېنى رازى قىلمەن دېسەڭ، ماگىستىرلىقنى ئوقۇپ، مىللەتكە يارامىلىق ئادەم بول. ئائىلىدىن غەم قىلما. ئۆكاڭ ھازىر ئائىلىنى قامداپ كېتىۋاتىدىغۇ، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر.» ئانىسىنىڭ بۇ سۆزى ئۇنى ئىلھاملاندۇردى. ئۇ ئانىسىغا «ئانا، مەندىن خاتىرجەم بول. سەن كۈتكەندىنمۇ بەكرەك ياخشى ئوقۇپ، ۋەتەن ۋە

مىللەتكە يارامىلىق ئادەم بولىمەن»، دېدى. ئابدۇشۇكۇر يازلىق تەتىلنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىپ، ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى باشلاپ كەتتى. ئۇ چاغدا ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلەرنىڭ سالمىقى ئۇ ئويلىغاندىنمۇ ئېغىر، دائىرىسى ئۇ ئويلىغاندىنمۇ كەڭ ئىدى. ئەمما ئۇ بەل قويۇۋەتمىدى. بىلمىگەنلىرىنى خەنزۇچە ۋە ئىنگلىزچە ماتېرىياللاردىن ئىزدىدى، ياكى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن سورىدى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ئۇنىڭغا دەرس بېرىۋاتقان پىروفېسسورلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى، ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنى «قارا، سەن ئۆزۈڭنىڭ تىلىدا ئوقۇپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭچىلىك بىر نەرسىنى بىلمەيسەن»، دەپ تەنقىدلەشلىرى ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالدى.

ئىككىنچى مەۋسۇم ئاخىرىدا 1-مەۋسۇمدىن كېيىن ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن 2 خەنزۇ ساۋاقدىشى يەنە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي، مەكتەپتىن چىقىرىلىدۇ. بۇ ئىش فىزىكا

فاكۇلتېتىنى زىلزىلىگە سالدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇغان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ خەنزۇ تىلىدا ئوقۇغان خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشى 1994-يىلىدىكى فىزىكا فاكۇلتېتىدا ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىش ئىدى. شۇ ئىشتىن كېيىن پروفېسسورلار ئابدۇشۈكۈرگە باشقىچە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۇنى ئالاھىدە ماختاپ تۇرىدىغان بولدۇ. ئۇنىڭغا ئۆزى ئوقۇۋاتقان دەرسلەردىن باشقا يەنە يۇقىرى ئېنېرگىيە ۋە قاتتىق جىسىم فىزىكىسىغا ئائىت دەرسلەرنىمۇ ئۆتىدۇ، ھەمدە ئابدۇشۈكۈرنى 1995-يىلى يازدا جۇڭگو يادرو ئېنېرگىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى (中国原子能科学研究院) گە ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەۋەتىدۇ. بۇ ئاكادېمىيە بېيجىڭ بىلەن شىجىياجۇاڭ ئارىلىقىدا، بېيجىڭ شەھىرىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى فاڭشەن ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەردە دۆلەتلىك يادرو

ئېنېرگىيىسى تېخنىكىسىغا ئائىت چوڭ تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ ئورۇننىڭ شەھەر بىلەن ئارىلىقى يىراق بولغاچقا، ئۇ 3 ۋاق تامىقىنى ئۆزى ئېتىپ يېيىشكە مەجبۇر بولىدۇ. لېكىن بۇ ئۇنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتىپ قويمايدۇ. ئابدۇشۈكۈر بۇ ئىنستىتۇتقا كېلىپ، بۇ يەر بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرىسىدىكى ئاسمان-زېمىن پەرقىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ. يەنى بۇ يەردە ھەممىلا ئىشخانىدا دېگۈدەك PC486 لار بار، ھەمدە چەتئەللەر بىلەن ئېلخەت ئالاقىسىمۇ ئاللىقاچان ئومۇملىشىپ بولغان بولۇپ، بۇ يەردە فىزىكا ساھەسىدىكى داڭلىق ژۇرناللاردىن «Physical Review Letters»، «Physical Review» دېگەندەك ژۇرناللار ساماندەك ئىدى. ئابدۇشۈكۈر بۇنداق شارائىتنىڭ كەم تېپىلىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر ياقتىن تېزىس تېمىسى ئۈچۈن تەييارلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاشۇ ژۇرناللاردىن ئۆز تېمىسىغا ۋە قاتتىق جىسىم

فىزىكىسىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلايدۇ. ئۇ يەنە ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۆگەنگەن فورتران 77 كومپيۇتېر پروگراممىسى تىلىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ئۆگىنىپ، ئۆز تەتقىقات تېمىسىدا ھېسابلىماقچى بولغان تەتقىقات تۈرىنى پروگراممىلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىغا قايىل بولغان ئىنستىتۇت باشلىقى ئۇنىڭغا 486 تىپلىق كومپيۇتېردىن مەخسۇس بىر دانىسىنى ئاجرىتىپ بېرىدۇ.

1995-يىل ئاخىرى مەكتەپتىن ئابدۇشۈكۈرگە ئالاقە كېلىپ، ئابدۇشۈكۈرگە ئىتالىيەدىكى خەلقئارا نەزەرىيە فىزىكا مەركىزى (ICTP) ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا ئىلتىماس قىلىشىنى تاپلايدۇ. بۇ ئىنستىتۇت ئىسلام دۇنياسىدىن چىققان تۇنجى فىزىكا نوبېل مۇكاپات لائۇرانتى پاكىستانلىق ئابدۇسالامنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن 70-يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىتالىيەدە قۇرۇلغان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن ۋە مەدەنىيەت ئورگىنى (UNESCO) نىڭ

تارىمقىدىكى بىر خەلقئارالىق ئىلمىي تەتقىقات ئورگىنى بولۇپ، بۇ ئىنستىتۇت قۇرۇلغاندىن تارتىپ غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدا ئىلمىي ساھەدە ئىنتايىن مۇھىم بولغان كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوينايتتى. بۇ ئورۇن يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى ماگىستىرلىقتا شىنجاڭدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇشۈكۈر دەرھال بۇ ئىنستىتۇتقا ئىلتىماس قىلىپ، ئۇنىڭغا قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئابدۇشۈكۈر بىر يىل بۇ يەردە تۇرۇش جەريانىدا ئۇستازلىرىدىن خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، «يادرونىڭ يىمىرىلىش كەسمە يۈزىنى ھېسابلاش» تېمىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، شۇ تېمىدا بىر ماگىستىرلىق ئىلمىي ماقالىسىنى يېزىپ پۈتتۈرىدۇ. ھەمدە ئۇنىڭ يازغان تېزىسى ئاساسىدا ئىلمىي ماقالە يېزىپ، ئۇنى جۇڭگودىكى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردىن بىرى بولغان «جۇڭگو يادرو فىزىكا ژۇرنىلى» ۋە 1996-يىلى

ئىتالىيەدە ئېچىلماقچى بولغان يادرو فىزىكا يىغىنى ماقالىلەر توپلىمىغا تاپشۇرۇلدى. 1996-يىلى 5-ئايدا ئۆرۈمچىدىن بىر خوش-خەۋەر يېتىپ كېلىدۇ: ئابدۇشۈكۈر ICTP غا رەسمىي ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدۇ. ئابدۇشۈكۈر 4-ئاينىڭ ئاخىرىدا بېيجىڭدىكى ئىشىنى پۈتتۈرۈپ، ئۈرۈمچىگە قايتىدۇ. ھەمدە بىر تەرەپتىن چەت ئەلگە چىقىشقا تەييارلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تېزىسىنى ياقلاش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدۇ. 1996-يىلى 6-ئاينىڭ ئاخىرىدا كۈتكەن كۈنلەرمۇ كېلىدۇ. ئابدۇشۈكۈر ماگىستىرلىق تېزىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياقلاپ، ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى غەلىبىلىك تاماملايدۇ.

ئوقۇش-ئۆگىنىش، كەسىپ ۋە خىزمەت بىر ئىنساننىڭ ھاياتىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلسا، مۇھەببەت، ئائىلە ۋە تۇرمۇش ئۇنىڭ قالغان يېرىم ھاياتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئابدۇشۈكۈرنىڭ بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىرى يەنىلا شىنجاڭ سانائەت

ئىنستىتۇتنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان يۇرتىنكى ساۋاقدىشى ھەم ئۇزۇن يىللىق يۈرگىنى گۈلنارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى قوللىشىدىن ئايرىلالمايتتى. بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ ئورتاق غايىسى ياخشى ئوقۇش، مىزانى بولسا ئېسىل ئۆرۈپ-ئادەت ۋە گۈزەل-ئەخلاق ئىدى. قىيىنچىلىقتىن قورقماي ھاياتقا ئۈمىد بىلەن قارايتتى. ھاياتنىڭ بىر قىسمىنى دەپ يەنە بىر قىسمىنى چۆرۈۋەتمەي، ھەممىسىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇراتتى. ئابدۇشۈكۈر چەت ئەلگە چىقىشنىڭ ئالدىدا ئىككى تەرەپ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ۋە قوللىشى، ھەمدە ئۇرۇق-تۇغقان ۋە دوست-ئاغىنىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن مۇبارەك تويىنى خۇشاللىق بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. «ھەرقانداق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەرنىڭ ئارقىسىدا بىر ئىشچان ئايال بار» دەيدىكەن بەزىلەر. ئەمما ئابدۇشۈكۈرگە ئىككى ئاپىسى ۋە ئايالى تەڭ ھەمدەمدە بولۇۋاتاتتى.

ئابدۇشۈكۈر مەيلى كەسپكە بولسۇن، ياكى تۇرمۇشقا بولسۇن جىددىي ھەم سەمىمىي مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ چەتكە چىققاندىن كېيىنكى يازغان خېتىدە ئەقىدە ئىنساندا كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى كۈچ ئىكەنلىكىنى، ئادەم ئۆز ئەقىدىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ياشايدىغانلىقىنى، ئۆزىدە ئايالىغا ۋاپادار بولۇشتەك ئەقىدىنىڭ بارلىقىنى يېزىپ، ئايالىنى خاتىرجەملەندۈرىدۇ. ئۇلار كېيىنكى تۆت يېرىم يىلنى ئەنە شۇنداق «كاككۇك بىلەن زەينەپ» تەك ئۆتكۈزىدۇ.

«ترىئېستې» (Trieste) دېگەن شەھەر ئادرىئاتىك (Adriatic) دېڭىز بويىغا جايلاشقان بىر گۈزەل شەھەر بولۇپ، ICTP بولسا شۇ شەھەرنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى مىرامارې قەلئەسى بويىغا جايلاشقان ئىدى. ئورنى ناھايىتى ئازادە ۋە تىنچ بولۇپ، ھەقىقەتەن بىر تەتقىقات خىزمىتىگە لايىق ئورۇن ئىدى. بۇ يەردە ھەر يىلى نەچچە يۈز خەلقئارالىق يىغىنلار ئېچىلىپ تۇراتتى. ھەمدە

دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن نەچچە مىڭلىغان ئالىم، تەتقىقاتچىلار كېلىپ كېتىپ تۇراتتى. نوبېل فىزىكا مۇكاپاتى لائۇرانتلىرىنىمۇ كۆرۈش پات-پات نېسىپ بولۇپ تۇراتتى.

ئابدۇشۈكۈر ئەنە ئاشۇنداق بىر قايىناق مۇھىتقا چۆكۈپلا كەتتى. ئۇ ئوقۇۋاتقان بۇ مەركەزدىكى دەرسلەر يۇقىرى ئېنېرگىيە، قېتىشما ماتېرىياللار ۋە ماتېماتىكا بولۇپ 3 سىنىپ ئىدى. بۇ 3 سىنىپتىكى 30 نەپەر ئوقۇغۇچى دۇنيانىڭ ھەر قايسى بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدىن، يەنى ئالجىرىيەدىن تارتىپ جەنۇبىي ئافرىقىغىچە، موڭغۇلىيەدىن تارتىپ فىلىپپىنغىچە، تۈركىيەدىن تارتىپ رومانىيەگىچە، مېكسىكىدىن تارتىپ برازىلىيەگىچە دېگەندەك ھەر قايسى قىتئە ۋە ھەر قايسى دۆلەتتىن ئىلتىماس قىلغان 900 گە يېقىن ئوقۇغۇچىدىن تاللانغان بىر ئاربىلاشما ئىرق، ئاربىلاشما مىللەت سىنىپلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز دۆلەتلىرىدە ئۈزۈپ چىققان،

ئاۋانگارت ئوقۇغۇچىلار ئىدى.

دەرسلەرنىڭ سالمىغى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، دەرس ئەتىگەندە سائەت 9 دىن (ئىتالىيەدە ئادەتتە ھەممە ئىش سائەت 9 دە باشلىنىدۇ، بۇ ئىتالىيەنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى) چۈشتىن كېيىن بىرگىچە، ۋە 2 دىن 6 گىچە ھەر كۈن 8 سائەتتىن ئۆتۈلەتتى. ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب بۇ ماگىستىرلىق كۇرسى ئەنگلىيەنىڭ 2 يىللىق ماگىستىرلىق كۇرسى بولۇپ، 2 يىللىق دەرس بىر يىلدا ئۆتۈلۈپ بولۇنغاندىن سىرت، شۇ بىر يىل ئىچىدە ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيىسى يېزىش تەلەپ قىلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تەتىل ۋە باشقا دەم ئېلىشلاردىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مۇشۇ دەرسلەرنىڭ سالمىقىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن 8 سائەت دەرس ۋە تاماقتىن سىرتقى ۋاقىتلار كۇتۇپخانىدا ئۆتەتتى. ئىنستىتۇت ئالدىدا شەھەر تەرەپكە ماڭىدىغان ئاخىرقى كوچا ئاپتوبۇسى كېچە سائەت 12 دە ماڭاتتى، ھەمدە

ئىنستىتۇتىمۇ سائەت 12 دە تاقىلاتتى. شۇڭا بۇ مەركەزدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى سائەت 12 گىچە ئىنستىتۇتتا ئۆگىنىش قىلىپ، ئاندىن قايتاتتى.

ئۆتۈلگەن دەرسنىڭ تاپشۇرۇقى بولىدۇ ئەلۋەتتە. ھەر ھەپتىدە تاپشۇرۇق جۇمە كۈنى يىغىلاتتى. دەرسلەرنىڭ سالمىغىنىڭ ئېغىر بولۇشى ۋە تاپشۇرۇقلارنىڭ كۆپلۈكى تۈپەيلىدىن، تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ تۈگىتەلمەي چارشەنبە ۋە ياكى پەيشەنبە كۈنى كېچىچە ئۇخلىماي تاپشۇرۇق ئىشلەش پات-پات تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان بىر ئادەتتىكى ئىش ئىدى. شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ ئابدۇشۈكۈر مىراماري باغچىسىنى ۋە دېڭىز بويىنى ئايلىنىپ سەيلە قىلغاندىن سىرت، قالغان ۋاقتىنى يەنىلا كۈتۈپخانىدا ئۆتكۈزەتتى.

ئابدۇشۈكۈر چەتئەلگە چىققاندىن كېيىنمۇ ئىقتىسادچىل بولىدۇ، ئۇ ھەر ئايدا تېجىگەن ھەر بىر سېنت پۇلنى ئائىلىسىگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن

ئانىسىغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئۇ شۇ ئارقىلىق بولسىمۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۆز رەھمىتىنى بىلدۈرىدۇ.

ئابدۇشۈكۈر ICTP دىكى ئوقۇشىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرىدۇ، ھەمدە ئۇ مارس ئاتموسفېراسى تەركىبىدىكى ھىدروگېننىڭ يۇقىرى بېسىم ئاستىدىكى مولېكۇلا قۇرۇلمىسىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىشى ھەققىدە تېزىس يېزىپ، ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياقلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ يەردىكى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن شۋېتسارىيە باسېل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇشىغا قوبۇل قىلىنىدۇ.

باسېل رېيىن دەرياسى بويىغا جايلاشقان بىر قەدىمىي شەھەر بولۇپ، باسېل ئۇنىۋېرسىتېتى 1460-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ شۋېتسارىيەدىكى ئەڭ قەدىمكى ئۇنىۋېرسىتېت ئىدى. فىزىكا فاكۇلتېتى بولسا ماتېرىيال فىزىكىسى ساھەسىدە ئالدىنقى قاتاردا بولۇپ، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن نانومېتىر ساھەسىدىكى مۇھىم تېما «تونېل

سكانىرلىغۇچى مىكروسكوپ» (Scanning tunneling microscope, STM) غا ئاساس سالغان گۇرۇپپا ئابدۇشۇكۇر بارماقچى بولغان گۇرۇپپا شۇ ئىدى. ئابدۇشۇكۇر ئەنە شۇ تېخنىكىنىڭ داۋامى بولغان «ئاتوملار-ئارا كۈچ مىكروسكوپى» (Atomic Force Microscope, AFM) نىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى چۈشەندۈرۈش، ۋە ئۇنىڭغا ئاساس تىكلەش خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى. يۇقىرىدىكى 2 خىل تېخنىكىنىڭ ئىشلىتىلىشى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇلار ماتېرىياللارنىڭ ساپلىغىنى، ۋە بىئولوگىيىدىكى DNA مولېكۇلىسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەكشۈرۈشتەك بىر قىسىم مۇھىم ساھەلەردىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

ئابدۇشۇكۇرنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولسا 1960-يىللىرى يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ساھەسىدە فىزىكىنى زىل-زىلىگە سالغان «Ambegaokar-Baratoff» نەزەرىيىسىنى ياراتقان Baratoff

ئىسىملىك ئامېرىكىلىق كىشى ئىدى. ئابدۇشۈكۈر بۇ يەردىمۇ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، باسپېلدىكى ئىككى يېرىم يىللىق ئوقۇش ھاياتىنى ئىنتايىن جىددىي ئۆتكۈزۈپ، تىرىشىپ ئوقۇيدۇ، ھەمدە كەينى-كەينىدىن يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىدۇ. ئۇلار ئويلاپ چىققان نەزەرىيىۋى پەرەزلەر ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن، نەچچە 10 مىڭ قۇرلۇق كومپيۇتېر پروگراممىلىرى بىلەن ھېسابلاپ چىققان سانلىق قىممەتلەر تەجرىبىدىكى سانلىق قىممەتلەرگە ماس كېلىپ، AFM تېخنىكىسىنىڭ بىر قىسىم نەزەرىيىۋى ئاساسىنى تىكلەپ بېرىدۇ. شۇنداقلا بىر قىسىم تېخچە يېشىپ بېرىلمىگەن تەجرىبە نەتىجىلىرىگە چۈشەنچە بېرىدۇ. ئۇنىڭ نەتىجىلىرى خەلقئارادىكى داڭلىق فىزىكا ژۇرناللىرىدا كەينى-كەينىدىن ئېلان قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تەجرىبە گۇرۇپپىسىدىكى باشقا تەتقىقاتچىلار بىلەن بىللە يېزىپ چىققان بىر پارچە ئىلمىي ماقالىسى دۇنيادىكى ئەڭ نوپۇزلۇق

ژۇرناللارنىڭ بىرى بولغان «ئىلىم-پەن» (Science) ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. مەزكۇر ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇننى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن كۆرەلەيسىز:

http://www.sciencemag.org/content/291/5513/2509.full



Science 30 March 2001:
Vol. 291 no. 5513 p. 2509
DOI: 10.1126/science.291.5513.2509a

TECHNICAL COMMENTS

**Subatomic Features in Atomic Force Microscopy Images**

H. J. Hug, M. A. Lantz, A. Abdurixit, P. J. A. van Schendel, R. Hoffmann, P. Kappenberger, A. Baratoff

Recently, Giessibl *et al.* (1) reported a distinct substructure in atomic force microscopy (AFM) images of individual adatoms on the Si(111)-(7×7) surface. A cross section along the fast scanning direction showed two peaks per adatom, which were interpreted as images of two unsaturated dangling bonds at the apex of the silicon tip interacting with the dangling bond of the adatom.

To support this interpretation, Giessibl *et al.* presented calculated frequency shift ($\Delta f$) images at a constant tip-to-sample distance, $z$ < 300 pm. Their simulations were based on the Stillinger-Weber (SW) potential and assumed a tip apex atom that had two dangling bonds directed toward the sample. Our calculations using the same simple model and experimental parameters have shown similar substructures, but atz = 240 pm instead of $z$ = 285 pm

«ئىلىم-پەن» (Science) ژۇرنىلىغا بېسىلغان، ئىسمىز ئابدۇشۈكۈر ئاپتورلارنىڭ بىرى بولغان ئىلمىي ماقالىنىڭ بىر كۆرۈنۈشى

ئابدۇشۈكۈر ئاشۇ ئىككى يېرىم يىل جەرياندا نۇرغۇن دۆلەتلىك ۋە خەلقئارالىق

يىغىنلاردا ئىلمىي دوكلات بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرى كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولىدۇ، ۋە ئۇنىڭ ئەمگىكى نۇرغۇن خەلقئارالىق ماقالىلەردە «پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ماقالىلىرى خەلقئارالىق كاتالوگلارغا كىرگۈزۈلىدۇ.

ئابدۇشۈكۈرنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرى بىلەن ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنىڭدىن نەدىن كەلگەنلىكى ۋە نېمە مىللەت ئىكەنلىكىنى قىزىقىپ سورايدۇ.

ئابدۇشۈكۈر پۇرسەتلا بولسا باشقىلارغا ئۆزىنىڭ بىر ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى، ۋە ئۇيغۇر دىيارىدىن كەلگەنلىكىنى پەخىرلىنىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرىدۇ.

ئابدۇشۈكۈر 2000-يىلىنىڭ بېشىدا دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ، ھەمدە ئۇنى باھالاشتىن ئۆتكۈزۈپ، ئىككى يېرىم

يىل ئىچىدە دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملاپ، فاكۇلتېت تارىخىدا ئوقۇشنى ئەڭ تېز پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى بولۇپ قالدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوقۇغان فاكۇلتېتنىڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭ شەرىپىگە مەخسۇس بىر چوڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش زىياپىتى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى كىتابچە قىلىنىپ كۇتۇپخانىغا قويۇلىدۇ، ۋە ئۇنىڭ ئېلېكترونلۇق نۇسخىسى ئىنتېرنېت تورىغا قويۇلىدۇ. ئۇنىڭغا قىزىقىدىغانلار ئۇنىڭ دىسسېرتاتسىيىسىنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن كۆرەلەيدۇ:

http://edoc.unibas.ch/18/

دوكتور ئابدۇشۈكۈر ئابدۇرېشىت ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شۋېتسارىيەدىكى ئەڭ چوڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئۈچۈر تېخنىكا شىركىتىنىڭ تەكلىپى بويىچە ئالىي دەرىجىلىك ئىنژېنېر بولۇپ خىزمەتكە كىرىدۇ. ئۇ خىزمەت ئورنىدىمۇ

توختىماي تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ. ئۇ خېلى چوڭ مۇرەككەپ ئۇچۇر سىستېما قۇرۇلمىسىنى لايىھىلەش، ئۇنىڭ خاتالىقىنى ئۆز ۋاقتىدا تېپىپ چىقىش، ۋە تېخنىكىلىق مەسىلىھەت بېرىش قاتارلىق ئىشلاردا ئۆز قابىلىيىتىنى نامايان قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. شۋېتسارىيە دۇنياغا ئۆزىنىڭ بانكا سىستېمىسى بىلەن تونۇلغان. بۇ بانكىلار بولسا خەلقئارالىق بانكىلار بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇلازىمەتلىرىنى ھەر كۈنى 24 سائەت ئىچىدە بىر مىنۇتمۇ ئۈزۈپ قويماسلىقى كېرەك. ئابدۇشۈكۈرنىڭ خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق قىسمى بانكا سىستېمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنى لايىھىلەش، ئۇنى تەلەپ بويىچە سەپلەشتۈرۈش، يېڭى تەلەپلەرنى ۋاقتىدا بېجىرىپ بېرىش، سىستېمىنىڭ تۇراقلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، ۋە سىستېمىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش قاتارلىق مۇرەككەپ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا هازىر ئابدۇشۈكۈر يەنە بىر گۇرۇپپىغا مەسلىھەت بېرىش، ۋە ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىق ئىشلارغىمۇ مەسئۇل بولۇۋاتىدۇ.

دوكتور ئابدۇشۈكۈر ئابدۇرىشىت يۇقىرىدىكى شىركەتتە ئىشلەش جەريانىدا هەر يىلى دېگۈدەك ئامېرىكىنىڭ سان فرانسىسكو، ئورلاندو ۋە ئائۇستىن (Austin) شەهەرلىرى، شۋېنداقلا ئامستېردام ۋە برىيۇسسېل، ئۇلم، ۋىسبادېن، سيۇرىخ قاتارلىق شەهەرلەردە ئېچىلغان خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ تۇردى.

دوكتور ئابدۇشۈكۈر ئابدۇرىشىت هازىر شۋېتسارىيە دۆلەتلىك تېلېكومنىڭ ئۇچۇر تېخنىكا تارمىقىدا 3 گۇرۇپپا ئىنژېنېرلارغا تېخنىكىلىق يېتەكچى ( Technical Lead of High Team Engineering) ۋە «تېخنىكىلىق لايىھىلىگۈچى» (Solution Architect) بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق خىزمەت دائىرىسى

شۋېتسارىيە بانكىلىرىنىڭ سىستېمىلىرىنى لايىھىلەشتىن ئىبارەت.

دوكتور ئابدۇشۈكۈر ئابدۇرىشىت مەيلى قايسى ئورۇندا بولمىسۇن، ھازىرغا قەدەر ئۆزىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسىنى تەلەپتىكىدەك ئارتۇق ئورۇنلاپ كەلدى. بىلمىگەن نەرسىلىرىنى بىلگەنلەردىن سورىدى، ياكى كىتاب ماتېرىياللاردىن ئىزدەپ تېپىپ ئۆگەندى. ئۇ بىلمەسلىكنى ئەمەس، سورىماسلىقنى ئەيىب كۆردى. جاپادىن قورقمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مەيلى نېمە ئىش قىلسۇن ئۇنىڭدا نەتىجە قازىنىپ، خىزمەتداشلىرىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلدى.



ئىنىمىز ئابدۇشۈكۈر ھازىر شۋېتسارىيەنىڭ مەركىزى

## بېرىن شەھرىدە ئايالى گۈلنار مەتىمىن ۋە 3 ئوغلى بىلەن بىللە ياشاۋاتىدۇ

دېمەك، ئىنىمىز ئابدۇشۈكۈر ھازىرغىچە دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق خەلقئارالىق ئىلىم ژۇرنىلىنىڭ بىرى بولغان «ئىلىم-پەن» ژۇرنىلىدا ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىپ، ھازىر يەنە دۇنيادىكى ئىقتىساد ساھەسىگە تەسىرى ئەڭ چوڭ ئورۇنلارنىڭ بىرى بولغان شۋېتسارىيە بانكىلىرىغا ئۆچۈر تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان ئورۇندا ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكا خادىمى ۋە تېخنىكىلىق يېتەكچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. مەن بۇ ئىنىمىزدىن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن.

دوكتور ئابدۇشۈكۈر ئابدۇرىشىت ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تىزىملىكى (ئىنگلىزچە):

[1] "Progress on studies of quantum multistep theory", Z.-D. Su, A. Abdurixit,T.-G. Cao, Chinese Journal of Nuclear Physics 18, 182(1996).

[2] “Transition between the p and Q chains in FKK theory”, A. Abdurixit, T. Osman, Z.D. Su, China Inst. of Atomic Energy, Beijing (China) Beijing national tandem accelerator laboratory progress report, 178 p. 38(2002).

[3] "Progress on studies of quantum multistep theory", Z.-D. Su, T.-G. Cao, A. Abdurixit, Chinese Journal of Nuclear Physics, 19(3), 173-176 (1997).

[4] “Transitions between P-chain and Q-chain in multistep reactions”, Z.-D. Su, T.-G. Cao, A. Abdurixit, China institute of atomic energy anual report

180, 39 (1997).

[5] "Transition between the P and Q chains in FKK theory", A. Abdurixit,Z.-D. Su and T. Osman, International Conference on Nuclear Data for Scienceand Technology, edited by G. Reffo, A. Ventura and C. Grandi (ItalianPhys. Soc, Bologna, Italy, 1997) p. 296.

[6]"Tight-Binding Linear Scaling Method Applications to Si Surfaces", A. Abdurixit, A. Baratoff and G. Galli, in Modern Research in High Technology and Science, M. Gheni, I. Sheyhidin editors (Tokyo, Japan, 1999), p. 291-302.

Also see http://arxiv.org/abs/cond-mat/0003005

[7] "Molecular Dynamics

Simulations of Dynamic Force Microscopy: Applications to the Si(111)-7x7 Surface", A. Abdurixit, A. Baratoff and E. Meyer, Applied Surface Science 157, 355(2000). Also see http://arxiv.org/abs/cond-mat/0003004

[8] "Low Temperature Scanning Force Microscopy of the Si(111)-7x7 Surface" M. A. Lantz, H. J. Hug, P. J. A. van Schendel, R. Hoffman, S. Martin, A. Baratoff, Abdurixit, H.-J. G"untherodt and Ch. E. Gerber , Physical Review Letters 84, 2642 (2000).

[9]"Separation of Interactions by Non-contact Force Microscopy" M. Guggisberg, M. Bammerlin, Ch. Loppacher, O. Pfeiffer, A. Abdurixit, V. Barwich, R. Bennewitz, Baratoff, E.

Meyer, and H.-J. G"untherodt, Physical Review B. 61, 11151 (2000).

[10] "True Atomic Resolution Force Imaging with Chemically Inert Tip" Abdurixit, M. A. Lantz, H. J. Hug, A. Baratoff, Ch. Loppacher, P. J. van Schendel, R. Hoffman, P. Kappenberger, S. Martin and H.-J. G"untherodt, unpublished.

[11] "Computing images of the Si(111)-7x7 surface in different atomic force miroscopy modes", A. Abdurixit and A. Baratoff, in preparation.

[12] “Subatomic Features in Atomic Force Microscopy Images”, H. J. Hug, M. A. Lantz, A. Abdurixit, P. J. A. van Schendel, R. Hoffmann, P. Kappenberger, A. Baratoff, Science Vol. 291. no. 5513, p.

2509a (2001).

[13] “A unified expression for multistep compound theory of pre-equilibrium reaction and compound nucleus reaction theory”, Z.D., Su; B.X. Li; A. Abdurixit; T.G, Cao; S.N, Wang; B.N, Zhang, China institute of atomic energy annual report 138, 40 (2002).

[14] “Research on the quantum multistep theory for pre-equilibrium nuclear reaction”, Z.D., Su, T.G, Cao, A. Abdurixit; Atomic Energy Science and Technology 36(6), 498 (2002).

[15] “A unified expression for multistep compound theory of pre-equilibrium reaction and compound nucleus reaction theory”, Z.D., Su; B.X. Li; A. Abdurixit; T.G, Cao; S.N, Wang;

B.N, Zhang, et al, High Energy Physics and Nuclear Physics 27(6), 498 (2003).

[16] "Transition between P and Q spaces in Feshbach-Kerman-Koonin theory“, Z.D., Su; B.X. Li; A. Abdurixit; T.G, Cao et al, High Energy Physics and Nuclear Physics 29(9), 862 (2005).

## دوكتور ئابلاجان سۇلايمان (كانادا)



دوكتور ئابلاجان سۇلايمان

ئىنىمىز ئابلاجان 1974-يىلى بۈگۈر ناھىيەسىدە بىر خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ياخشى نەتىجىلەر بىلەن سىنىپنىڭ ئالدى بولۇپ ئوقۇدى. 1991-يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بويىچە بىر شەھەر ۋە 8 ناھىيەنىڭ ئالىي مەكتەپكە تەييارلىق قىلىش ئىمتىھانلىرىدا بارلىق پەنلەردە يۇقىرى نومۇر بىلەن 1-بولۇپ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىغا ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلىندى.

ئابلاجان ئالىي مەكتەپتە ئىنگلىز تىلىنى ئۆزلۈكىدىن ياخشى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدا ناھايىتى ياخشى ئاساس يارىتىپ، ئاندىن شۇنىڭغا تايىنىپ ئۆزىمۇ كۆپ قېتىم ئىنگلىز تىلى كۇرسلىرىنى ئاچتى. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنى 1996-يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈردى.

ئابلاجان 1996-يىلى ئاسپىرانتلىق

ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تۇنجى ئاز سانلىق مىللەت ئاسپىرانتى بولۇپ ئوقۇشقا قوبۇل قىلىندى. ئۆز كەسپىدىمۇ قاتتىق تىرىشىپ ئوقۇپ، 1999-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە قوبۇل قىلىندى. ئابلاجان خىزمەت جەريانىدا داۋاملىق تۈردە كۆپلىگەن كەسپىي تەتقىقات تۈرلىرىگە قاتنىشىپ، 2003-يىلى دوتسېنتلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە بىر ئاسپىرانتلىق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇماقچى بولغان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار «توفىل» (TOEFL) دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئىنگلىز تىلى ئىمتىھانى بىلەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ كەسپىي دەرسلىرىدىن ئېلىنىدىغان «GRE» ياكى «GMAT» دېگەن يەنە بىر ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولمىسا بولمايتتى. ئابلاجان شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا

ئىشلەۋاتقان مەزگىلىدە TOEFL ۋە GRE ئىمتىھانلىرىنى بېرىپ، يۇقىرى نەتىجە بىلەن 2003-يىلى نيۇ يورك شەھەرلىك ئۇنىۋېرسىتېتى (New York City University) نىڭ دوكتورلۇق ئوقۇشىقا قوبۇل قىلىندى. ئەمما، بېيجىڭدىكى ئامېرىكا كونسۇلخانىسىدىن ۋىزا ئېلىش ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولماي، ئابلاجان بۇ ئوقۇشقا بارالمىدى.

گەرچە ئامېرىكىدا دوكتورلۇق ئوقۇش ئىشى ئوڭۇشلۇق بولمىغان بولسىمۇ، ئابلاجان 2004-يىلى كانادانىڭ مونترېيل ئۇنىۋېرسىتېتى (Montreal University) گە بىر يىللىق «خەلقئارالىق زىيارەتچى تەتقىقاتچى» بولۇپ كېلىپ، مەخسۇس ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى، ھەمدە بۇ ئوقۇش مۇددىتى توشقاندا ۋەتەنگە قايتىپ كەتتى. ئۆزىنىڭ بوشاشماي تىرىشىشى نەتىجىسىدە، ئابلاجان 2006-يىلى مونترېيل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلۇق

ئوقۇۋۇشىغا ئوقۇۇش مۇكاپاتى پۇلى بىلەن قوبۇل قىلىندى. ئوقۇۇش جەريانىدا كۆپ تۈرلۈك تەتقىقات فونىدلىرىغا ئېرىشتى، ھەمدە 2010-يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇۇش پۈتتۈرۈپ، جۇغراپىيە كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

ئابلاجان دوكتورلۇقنى تاماملىغاندىن كېيىن، ھېچ قانداق تەۋرەنمەستىن ئۆزىنىڭ كەسپىي ساھەسىدىن چىقىپ كەتمەي، بىر تەرەپتىن شىركەتلەر ۋە ئاممىۋى ئورگانلاردا جۇغراپىيە ئۇچۇر تەتقىقاتچىسى بولۇپ ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىگە لايىق بىر مۇنتىزىم خىزمەت ئىزدەشنى داۋاملاشتۇردى، ھەمدە ئەڭ ئاخىرى 2013-يىلى 8-ئايدا ماكگىل ئۇنىۋېرسىتېتى (McGill University) گە رەسمىي خىزمەتكە كىردى. بۇ مەكتەپ ھازىر دۇنيادىكى ئەڭ ئالدىنقى 25 ئورۇندا تۇرىدىغان ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ، كانادادىكى ئاشۇنداق شەرەپكە ئېرىشكەن بىردىنبىر ئۇنىۋېرسىتېت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

http://www.topuniversities.com/univer...-university/undergrad

دوكتور ئابلاجان سۇلايمان ھازىر ئاشۇ مەكتەپنىڭ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ جۇغراپىيە ئۇچۇر مەركىزىدە ھەم جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر تەتقىقاتچى ( Geographic Information System, GIS)، ھەم ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ ھازىرغىچە نەچچە ئونلىغان چوڭ تەتقىقات تۈرلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر قىسمىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەپ، كۆپلىگەن ياخشى نەتىجىلەرنى ياراتتى.



## ئابلاجان ئوقۇش پوتتورۇش مۇراسىمىدا (2011-يىلى 5-ئاينىڭ 27-كۈنى)



ئابلاجان جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر مەركىزىدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانماقتا

دوكتور ئابلاجان سۇلايمان ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تىزىملىكى (ئىنگلىزچە):

[1] Pablo Arroyo-Mora, Ablajan Sulaiman and Margaret Kalácska (McGill), "Development of a relational database and webportal for large scale

historical data analysis, The European Impact on the Indian Ocean World " (2013).

[2] Ablajan Sulaiman and Christopher Bryant (2011), Canadian Regional Science Association Meetings (2011), CRSA . Spatial Analysis of the Regional Economic Performance of Québec, 1998-2008.

[3] Canadian Regional Science Association Meetings (2007), Mississauga (Ontario), Sept, 2007. Ablajan Sulaiman and Belikiz Mamatniyaz, Corpora Based Statistical Analysis of Geographical Place Names.

[4] Ablajan Sulaiman 53rd Annual North American Meeting of the International Regional Science

Association, Toronto, Nov 2006, Analysis of Changing Regional Economic Differences in Xinjiang Province, 1949-2005.

[5] Ablajan Sulaiman and Christopher Bryant (2010). Convergence Measures between and within Canada and China. Canadian Journal of Regional Science (Online). Vol. 33(2): 175-190.

[6] Ablajan Sulaiman and Belikiz Mamatniyaz (2008). Corpora-Based Statistical Analysis of Place Names in Uyghur. Arid Land Research, (4).:71-81.

[7] Mansur Sabit, Ablajan Sulayman and Yusupjan Rusul (2005). Some Countermeasures to Existing Problems of Water Resources Exploitation and Utilization in Irrigated Areas of Weigan

River. Journal of Arid Land Resources and Environment, (5).

[8] Mansur Sabit, Hai Ying and Ablajan Sulayman (2004). Analysis of the Driving Factors of Farmland Dynamic Changes in the Recent Five Decades in Delta Oases of Weigan and Kuqa Rivers. Geographical Research, 23(4):487-494, Beijing.

[9] Ablajan Sulaiman (2004). Analysis of Tourism Economy in the Area along the South Xinjiang Railway, the 5th Youth Scholarship Annual Convention, Urumqi, the Publishing House of Xinjiang Science Technology.

[10] Ablajan Sulaiman (2004). Optimization of Agricultural Industry in the Delta Oasis of Weigan, Kuqa River,

the 5th Youth Scholarship Annual Convention, 2004. Urumqi, Xinjiang Science Technology Publishing House.

[11] Mansur Sabit and Ablajan Sulaiman (2004). Analysis of Selecting the Leading Industry and Its Advantages in the Delta Oasis of Weigan, Kuqa River. Economic Geography. Vol. 23, 2004.

[12] Ablajan Sulaiman (2004) A Comparative Analysis of the Economic Development of the Prefectures and Autonomous Regions in South Xinjiang. Arid Land Research, No. 1, 2004.

[13] Mansur Sabit, Ablajan Sulaiman (2004). Analysis on the Strategy of Proper Land Utilization in the Delta Oasis of Weigan and Kuqa River. Journal of Arid Land Resources and Environment,

Vo1. 8, No. 1, Jan 2004.

[14] Mansur Sabit and Ablajan Sulaiman (2003). Some Existing Problems and Their Countermeasures of Exploiting Grassland Resources in Kuqa County. Pratacultural Science, Vol. 20, No. 8.

[15] Ablajan Sulaiman (2003). Sustainable Development of the Exploitation and Utilization of Water and Land Resources in Bugur County. Arid Land Research, No. 4.

[16] Mansur Sabit and Ablajan Sulaiman (2003). Analysis of Water Resources and its Hydrological Characteristics of Weigan River Basin. Journal of Mountain Science, Vol. 21, No. 2.

[17] Mansur Sabit and Ablajan Sulaiman (2003). The Characteristics of Changing Ecological Environment of Weigan - Kuqa River and Countermeasures. Journal of Xinjiang Normal University, (Natural Science Edition), No. 3.

[18] Mansur Sabit and Ablajan Sulaiman (2002). Meteorological Calamities and Disaster Reduction Countermeasures in the Delta Oasis Weigan and Kuqa River. Journal of Natural Disasters. No. 4.

[19] Mansur Sabit, Anwar, Ablajan Sulaiman (2002). Population- Bearing Capacity of Land in Kuqa County of Xinjiang. Journal of Arid Land Resources and Environment, Vol. 16, No. 3.

[20] Mansur Sabit and Ablajan Sulaiman (2002). Strategies for Optimizing Cultivated Land Use in Kuqa County of Xinjiang Uyghur Autonomous Region. Resource Science. 24(5):26-31.

[21] Ablajan Sulaiman (2002). The Proper Utilization of Grassland Resources and Livestock Husbandry of Xinjiang. Pratacultural Science, No. 4.

[22] Arslan Mamut and Ablajan Sulaiman (2002). Dynamic Analysis of the Relationship among Population, Farmland Resources and Economic Development in Kuqa County. Journal of Xinjiang University (Natural Science Edition), No. 3.

[23] Ablajan Sulaiman and Mansur sabit (2002). Dynamic Change of

Population, Farmland and Water Resources of Kuqa County of Xinjiang. Chinese Journal of Population, Resources and Environment, No. 62, Vol. 12.

[24] Ablajan Sulaiman, Mansur Sabit (2002) Sustainable Development of Grassland Resources and Stock-Breeding of Xinjiang. Journal of Xinjiang Normal University, (Natural Science Edition), 19(1): 11-15.

[25] Mansur Sabit and Ablajan Sulaiman, Zhou Junju (2002). Sustainable Development of Grassland Resources and Livestock Husbandry of Xinjiang. Prataculturul Science, 19(1): 11-15.

[26] Arslan Mamut, Ablajan Sulaiman

(2002). Analysis of Countermeasures for Developing Tourist Resources in Kuqa County. Journal of Xinjiang University (Natural Science Edition), No. 4.

[27] Arslan Mamut and Ablajan Sulaiman (2001). Some Concepts for Developing Tourism Resources in the Area along the South Xinjiang Railway. Area Research and Development, No.1.

[28] Ablajan Sulaiman and Dilinuer Aji (2001). Optimization of Industrial Structure of Bugur County, Journal of Xinjiang Normal University (Natural Science Edition), Vol. 5.

[29] Ablajan Sulaiman (1999). Some Existing Problems of Xinjiang Oasis Economic Development. Journal of Xinjiang Normal University (Natural

Science Edition), No. 1.

[30] Ablajan Sulaiman (1999). Proper Exploitation and Utilization of Xinjiang Agricultural Resources. Arid Land Research, No. 1.

## دوكتور غەيرەت غېنى (ياپونىيە)



دوكتور غەيرەت غېنى

ئىنىمىز غەيرەت غېنى 1979-يىلى چۆچەك شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1986-يىلىدىن 1998-يىلىغىچە چۆچەك شەھىرىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تاماملىدى.

ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى بىر دوستى سۆڭەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولۇپ، ئاشۇ دوستىنىڭ كېسەل ئازابى غەيرەتتە «داۋالاش» نىڭ مۇھىملىقى ھەققىدىكى بىر چوڭقۇر ئاڭنى شەكىللەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ دوختۇرلۇق كەسپىگە قىزىقىشقا باشلىدى. غەيرەت 1998-يىلى شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كلىنىكا كەسپىگە قوبۇل قىلىنىپ، ئۇ مەكتەپنى 2004-يىلى پۈتتۈردى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن 2006-يىلىغىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى كۆز كېسەللىك بۆلۈمىدە ئىشلىدى.

غەيرەت كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئامېرىكا فىلىملىرىگە ئامراق ئىدى. بۇ فىلىملەر ئۇنىڭدا

يېڭى بىر خىل دۇنيا قارىشىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ چەكسىزلىكىنى، ھەمدە ئىدىيە ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەر خىللىقىنى تونۇتتى. بولۇپمۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىش-ئىزلىرى ئۇنى ئۆزىگە بەكرەك جەلپ قىلاتتى. ئۇ ئاشۇنداق تەتقىقاتلارنى ئۆزىنىڭمۇ قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بۇنداق ئۆز-ئۆزىگە بولغان قاتتىق ئىشەنچ ئۇ كۆرگەن كىنولاردىكى باش پېرسوناژلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچلىرىدىن كەلگەن ئىدى.

غەيرەتتە ئاتا-ئانىسىنى پەخىرلەندۈرۈش ئارزۇسىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك بولدى. كېيىنچە چەت ئەلگە چىقىپ، مېدىتسىنا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئاشۇنداق ئىشلار مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. غەيرەتنىڭ قارىشىچە، ئاللاھ ئادەملەرنىڭ ئالدىغا ئۆز ئارمانلىرىغا تۇشلۇق پۇرسەتلەرنى چۈشۈرۈپ بېرىپ تۇرىدۇ. ئاشۇنداق پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇش-تۇتالماسلىق ھەر بىر ئادەمنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە

مەسئۇلىيەتچانلىقىغا باغلىق بولىدۇ. لېكىن مۇھىمى ئاشۇنداق پۇرسەتلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن شۇنىڭغا چۈشلۈق ئارمان، نىشان ۋە تىرىشچانلىق بولۇشتا. غەيرەت ئۆزى تىكلىگەن ئارمانلىرىغا تۇشلۇق، ئاللاھ ئاتا قىلغان پۇرسەتلەر بىلەن، چەت ئەلدە ئوقۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. يەنى ئۇ 2006-يىلى 10-ئايدا ياپونغا ئوقۇشقا كەلدى.

غەيرەت دوكتورلۇق ئوقۇشى ئۈچۈن توكيو مېدىتسىنا ۋە چىش ئىلمى ئۇنىۋېرسىتېتى شەكىل تۈزەش بۆلۈمىنىڭ تېرە ھەم نېرۋا تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا ئىمتىھان بېرىپ كىردى. ئۇ كىرگەن بۆلۈمنىڭ پىروفېسسورىنىڭ ئالمىشىشى، ۋە تەتقىقات ئورنىنىڭ كەمچىل بولۇشى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ 2 يىللىق دوكتورلۇق ئوقۇش ۋاقتى ئاساسەن ھوسۇلسىز ئۆتۈپ كەتتى. غەيرەت ئۈچۈن دوكتورلۇق ئوقۇشىنى 4 يىل ئىچىدە چوقۇم تاماملاش شەرت ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ ئاخىرقى 2 يىلدا سۆڭەك بۆلۈمىنىڭ كۆمۈرچەك تەتقىقات

كافېدراسىغا كېلىپ، قاتتىق تىرىشىپ، تەلەپ بويىچە بىر خەلقئارالىق نوپۇزلۇق ژۇرنالدا بىر پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى، ھەمدە دىسسېرتاتسىيە باھالىشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇشىنى تاماملىدى.

ئىنىمىز غەيرەت دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدا كۆمۈرچەك تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى تىز بوغۇم كىسەللىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تىز كىسەللىكى ھەر بىر ئادەم ئۆز ھاياتىدا چوقۇم دىگۈدەك بىشىدىن ئۆتكۈزىدىغان بىر خىل كىسەللىك. تىزدىكى ئاغرىق سەۋەبىدىن ھەرىكەت چەكلىمىگە ئۇچراش، ئورۇن تۇتۇپ يىتىپ قېلىش، بۇنىڭ بىلەن سىمىزلىك، قان بىسىم، يۈرەك تىقىلمىسى، ۋە نېرۋىلارنىڭ پالەچلىنىشى قاتارلىق ئەگەشمە كىسەللىكلەر ئىنسانلارنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىش بىلەن بىللە، يەنە ياشانغانلارنىڭ كېيىنكى ھاياتىنىڭ سۈپەتسىز بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۇيغۇر بوۋاي-مومايلارمۇ


هازىر بۇ خىل كېسەللىكنىڭ ئازابىنى كۆپ تارتىۋاتىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، هازىرغىچە بۇ كېسەلنى داۋالاش ئۈچۈن بىر ئۈنۈملۈك دورا تېخىچە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلۈپ بولالمىدى.

ئىنىمىز غەيرەت دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدا كۆمۈرچەككە مۇناسىۋەتلىك گېن تەتقىقاتى، ھەمدە ئۇنىڭغا ئانابولىك رول ئوينىغۇچى دورىلارنى ئىزدەش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ ساھەدىكى نەتىجىلىرىنى ياپون دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىدا دوكلات قىلىپ تۇردى. ئۇنىڭ «ئۆزۈم ئۇرۇقى ئاجراتمىسىنىڭ تىز كېسەللىكىگە بولغان ئۈنۈمى» دېگەن تېمىدىكى تەتقىقات نەتىجىسى بىر ئىلمىي ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. بۇ ماقالە دۇنياغا داڭلىق «تەبىئەت» (Nature) ژۇرنىلىدىمۇ تونۇشتۇرۇلدى. شۇنداقلا تىز كېسەللىكلىرى ئۈچۈن بايقالغان تەبىئىي دورىلار مۇندەرىجىسىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن

ئالدى ( Mével, E. et al. Drug Discovery Today, 2014). ياپونىيەدىكى كىككومان شىركىتى بۇ خىل ئاجراتما ماددىدىن بىر خىل قۇۋۋەت يېمەكلىكى ئىشلەپ چىقاردى.

ئىنىمىز غەيرەت ھازىر توكيو ئۇنىۋېرستىتېتى سۆڭەك، كۆمۈرچەك قايتا يارىتىش تەتقىقات مەركىزىدە، ياپونىيە پەن-تېخنىكا ئورگىنى، بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭىلىق يارىتىش پروگراممىسى ( Japan Science and Technology Agency, JST, S-innovation Program) دا دوكتور-ئاشتى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ ئۆز تەتقىقاتىدا كۆمۈرچەكتە ئانابولىك رول ئوينىغۇچى گېننى بەدەن سىرتىدا ئىشلەپ چىقىرىپ، ئۇنى تىزى كۆمۈرچەكلىرىگە 1/20000 ممىللىمېتىر چوڭلۇقتىكى نانو ئۇسكۇنىدە كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت نانو تېخنىكا ئۇسۇلنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئەمەلگە ئاشۇردى، ھەمدە بۇ ئارقىلىق داۋالاش ئۈنۈمىگە ئېرىشتى. بۇ خىل ئۇسۇل ھازىر خەلقئارادا

مەزكۇر كەسپي ساھەدىكى ئەڭ يېڭى تېخنىكا ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، ئىنىمىز غەيرەت بۇ ساھەدە قولغا كەلتۈرگەن ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ بەزىلىرىنى بىر قانچە خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىدا ئېلان قىلدى. ئىنىمىز غەيرەت ھازىر بۇ ھەقتە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىدىغان ئىلمىي ماقالىلەرنىمۇ يېزىۋاتىدۇ. شۇنداقلا بۇ ساھەدىكى پاتېنت ھوقۇقىغىمۇ ئىلتىماس قىلىۋاتىدۇ. ئۇلاردىن باشقا، غەيرەت تەۋە بولغان بىر تەتقىقات گۇرۇپپىسى قولغا كەلتۈرگەن «بويۇن ئومۇرتقىسىدا سۆڭەك ئۆسۈش كېسەللىكى» نى داۋالايدىغان يېڭى بىر دورا نەتىجىسى بىر ئىلمىي تەتقىقات ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ دورا ئۈچۈنمۇ پاتېنت ھوقۇقى ئېلىش ئۈچۈن ئىش باشلاپ بولدى.


●●●●● SoftBank 4G 14:16
nature.com

nature REVIEWS RHEUMATOLOGY

Access
To read this article in full you may need to log in, make a payment or gain access through a site license (see right).

nature.com > Journal home > Table of Contents

**Research Highlight**

*Nature Reviews Rheumatology* **8**, 369 (July 2012) | doi:10.1038/nrrheum.2012.94

Osteoarthritis: Procyanidin B3 prevents OA *in vivo*

**Katrina Ray**

**Procyanidin B3 (B3), a proanthocyanidin extracted from grape seeds, has been shown to prevent the progression of osteoarthritis (OA) and heterotopic cartilage formation in an OA mouse model. "B3 administration markedly prevented OA progression in articular cartilage *in vivo*," notes author Yoshinori Asou (Toyko Medical and Dental University), "the effect of B3 on heterotopic cartilage formation was unexpected.**

To read this article in full you may need to log in, make a payment or gain access through a site license (see right).

ARTICLE TOOLS
Send to a friend
Export citation
Export references
Rights and permissions
Order commercial reprin

SEARCH PUBMED FOR
Katrina Ray

دوكتور غەيرەت غېنى ئېرىشكەن بىر تەتقىقات نەتىجىسى دۇنيادا داڭلىق «تەبىئەت» ژۇرنىلىدا خەۋەر قىلىنغان بولۇپ، بۇ رەسىمدە كۆرسىتىلگىنى ئاشۇ خەۋەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بىرىلگەن «تەبىئەت» ژۇرنىلى تور بېتىدىكى قىسقا ئۈچۈر

دوكتور غەيرەت غېنى «ئارمانلىرىڭنى قۇياشقا ئات، قۇياشقا چۈشمىسىمۇ يۇلتۇزغا چۈشىدۇ»، دېگەن سۆزگە ناھايىتى ئامراق. ئۇ مۇنداق ئويلايدۇ: نىشانىنى چوڭ ھەم ئۈلۈغ تىكلەش تولىمۇ مۇھىم.

ئۇنىڭغا يېتەلمىگەنلىكتىن ئاھ ئۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. مۇھىمى شۇ نىشان يولىدىكى جەرياندۇر. بۇ جەرياندا باشقىلار ئويلاپمۇ يېتەلمەيدىغان مەنزىللەردىن نەچچىسىدىن ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدۇ.

دوكتور غەيرەت غېنىنىڭ ھازىر مەلۇم بىر ئىش ئورۇن تىرىشچانلىقىنى ئىشلىغاندا مۇنداق يورەك سۆزى بار: «ئۆز ئىچىڭىزگە كىرگەن جىددىيلىك تۇيغۇسىنى قەدىرلەڭ، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئىچىڭىزدىن چىقىرىۋەتمەڭ. ئۇيقۇ ھەم ئويۇندىن ۋاز كېچىڭ. نەتىجىسى چىقمىغۇچە بوشاشماڭ. شۇنداقلا تىرىشچانلىق تولىمۇ مۇھىم، لېكىن ئاكتىپ پوزىتسىيە تېخىمۇ مۇھىم. ئۇ سىزنىڭ قايسى ئۇچۇرلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ھەم ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىشىڭىزنى بەلگىلەيدۇ. ھەر ۋاقىت ۋە ھەر يەردە سىزنى ئۆز نىشانىڭىزغا ئۈندەپ تۇرىدۇ.»



دوكتور غەيرەت غېنىنىڭ خانىمى مەرھابا ئەرشىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئوماق قىزى مەرفىنە

دوكتور غەيرەت غېنىنىڭ خانىمى سىڭلىمىز مەرھابا ئەرشىدىنمۇ دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈشىگىمۇ ئاز ۋاقىت قالدى. ئوقۇشى پۈتكەندىن كېيىن مەن ئۇ سىڭلىمىزنى ئايرىم تونۇشتۇرىمەن. مەن 2012-يىلى 12-ئايدا توكيوغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى قېرىنداشلار بىلەن بىر سورۇندا جەم بولغاندا، بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ ئوماق

قىزى مەرفىنە مېھمانلارغا بىر پارچە ئۇيغۇرچە شېئىرنى ئىنتايىن ئۆلچەملىك ۋە ئوچۇق ئۇيغۇر تىلىدا، ۋە كىچىك قىزلارغا خاس تاتلىق ئاۋازدا دېكلاماتسىيە قىلىپ بەردى. مەن ئۇنىڭدىن ئىنتايىن تەسىرلەندىم. سەۋەبى، چەت ئەلدە تۇرۇۋاتقانلار ئۇچۇن باللاردا ئاشۇنداق بىر ئۇيغۇر تىلى سەۋىيىسىنى يېتىلدۈرۈش، ھەمدە ئۇنى ساقلاپ مېڭىش بىر ناھايىتى مۈشكۈل ئىش.



مەرفىنە بىزگە شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەن كۈنى، يەنى 2012-يىلى 29-دېكابىر كۈنى توكيودا چۈشكەن

# بىر خاتىرە رەسىم



ئىنىمىز غەيرەت ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىللە.

بۇ رەسىم 2013-يىلى 10-ئايدا تارتىلغان

دېمەك، دوكتور غەيرەت غېنى ئۆزىمىز ئېرىشكەن ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسى دۇنياغا داڭلىق «تەبىئەت» (Nature) ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. ئۇ ھازىر ياپونىدىكى مۇھىم ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ بىرىدە ناھايىتى مۇھىم ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. مەن بۇ ئىنىمىزدىن، ئۇنىڭ خانىمى مەرھابادىن ۋە ئۇلارنىڭ

ئوماق قىزى مەرفىنەدىن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن.

دوكتور غەيرەت غېنى ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تىزىملىكى (ئىنگلىزچە):

1] Hailati Aini, et al. (2012) procyanidin B3 prevents articular cartilage degeneration and heterotopic cartilage formation in a mouse surgical osteoarthritis model. PLoS ONE 7: e37728. doi: 10.1371/journal.pone.0037728.

[2] Hailati Aini, et al. Chondroprotective Effects of Procyanidin in Murine Articular Chondrocyte. 2010 BMD annual meeting.

[3] Hailati Aini, et al. TNFR1 deficiency facilitates articular

cartilage ossification and osteophyte formation. 2011 OARSI World Congress.

[4] Hailati Aini, et al. Flavonoids prevent articular cartilage from ostoarthritis. 2012 Annual Research Meeting of the Japanese Orthopaedic Association.

[5] Hailati Aini, et al. Gene introduction into articular cartilage using polyplex nanomicelle. 2015 OARSI world congress.

ئاپتور(بىلىمخۇمار)دىن:

مەن بۇ ھەپتە چەت ئەلدە نەتىجە ياراتقان قېرىنداشلىرىمىزدىن يەنە 3 يېڭى كىشىنى تونۇشتۇرىمەن. بۇ قېتىم تونۇشتۇرىدىغىنىم ھازىرقى زامان ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى ئىچىدىن چىققان ئاۋانگارت قېرىنداشلىرىمىز بولۇپ، ئۇلارنى «ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان ھازىرقى زامان قەھرىمان خانىم-قىزلىرىنىڭ مىساللىرى» دېيىشكىمۇ بولىدۇ. مەن رەسمىي مەزمۇننى باشلاشتىن بۇرۇن ئاياللارنىڭ ھازىرقى دۇنيادىكى رولى ھەققىدىكى بىر قىسقا مەزمۇننى بايان قىلىپ ئۆتىمەن. بۇ مەزمۇن 2015-يىلى 12-ئاپرېل كۈنى بىزنىڭ ئىدارىمىز، NASA مەركىزى ج پ ل (JPL) نىڭ تور بېتىدە خەۋەر قىلىنغان.

ئاسترونومىيە ساھەسىدە بىر تەتقىقاتچى بىر يېڭى ئاستېروئىد (كائىنات ئۇچار تاشلىرى) نى بايقىسا، ئۇ ئاستېروئىدقا ئىسىم قويۇش ھوقۇقى

ئاشۇ تەتقىقاتچىنىڭ قولىدا بولىدۇ. JPL دىكى ئايال ئاسترونومىيە ئالىمى ئەيمى مېيىنزېر ( Amy Mainzer) 2010-يىلى 6-ئايدا مارس بىلەن يۇپىتېرنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر ئوربىتىدا قۇياشنى ئايلىنىدىغان بىر ئاستېروىدنى بايقىغان بولۇپ، ئۇ ئاستېروىد ھازىرغىچە «316201» دېگەن نومۇر بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ئىدى. بۇ ئاستېروىدنىڭ دىئامېتىرى 4 كىلومېتىر بولۇپ، رەڭگى خەت بېسىش ماشىنىسىنىڭ سىياسىغا ئوخشاش قاپقارا ئىكەن.



JPL دىكى ئايال ئالىم ئەيمى مېيىنزېر خانىم

1997-يىلى 12-ئىيۇل كۈنى تۇغۇلغان

پاكىستانلىق قىز مالالا يۇسافزاي ( Malala Yousafzai) بالىلىق ۋاقتىدىن باشلاپلا بىر سىياسىي پائالىيەتچى بولۇپ، قىزلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشىنى ئومۇملاشتۇرۇش يولىدا كۆپلىگەن پائالىيەتنى ئېلىپ بارغان. 2012-يىلى 9-ئۆكتەبىر كۈنى مالالا مەكتەپتىن ئۆيىگە قايتىۋاتقان يولدا بىر تالىبان جەڭچىسى ئۇنى قورال بىلەن ئېتىپ، مالالانى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. مالالا ئوقتا ئېغىر يارىلىنىدۇ، ئەمما ئۆلمەي هايات قالىدۇ. مالالا ساقايغاندىن كېيىن مائارىپنىڭ مۇهىملىقىنى تەشۋىق قىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. 2014-يىلى مالالا نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، نوبېل مۇكاپاتى تارىخىدىكى ئاشۇ مۇكاپاتقا ئېرىشىپ باققانلار ئىچىدە ئەڭ ياش بولۇپ قالىدۇ.



ئون ئالتە ياشلىق مالالا يۈسافزاي

JPL ئالىمى ئەيمى مېينزېر يۈقىرىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مالالانىڭ نامىنىڭ مەڭگۈ ياشىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزى بايقىغان ئاستېروئىدقا «Malala 316201» ياكى «ML48 2010» دېگەن نامنى بېرىدۇ .

ئەيمى ئامېرىكىدىكى «PBS» دەپ ئاتىلىدىغان بىر چوڭ مېدىيە شىركىتى باللار مائارىپى ئۈچۈن ئىشلەپ چىقىرىۋاتقان ئىلىم-پەن پروگراممىسىغا بىر «مەسلىھەتچى» بولۇپ، ئۇ PBS تەرىپىدىن 2016-يىلى قىشتا ئىشلىنىدىغان بىر باللار ئىلىم-پەن تەربىيە فىلىمىدا رول

ئالىدىكەن.

ئەيمى بىر ئايال ئالىم بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە ئەگەر دۇنيادىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇشتىن ياكى مائارىپتىن تولۇق بەھرىمەن بولىدىكەن، ئۇ ئىنسانلار قىلالايدىغان ئىشلارنىڭ دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ. ئەيمى مۇنداق دەيدۇ: «گەرچە ھازىرغىچە نۇرغۇن ئاستېرويدلارغا ئىسىم قويۇلغان بولسىمۇ، ئاياللار، بولۇپمۇ ئاق تەنلىك ئەمەس ئاياللار قوشقان تۆھپىلەرنىڭ شەرىپى ئۈچۈن ئىسىم قويۇلغان ئاستېرويدلار ئاساسەن يوق.» ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانىيەتنىڭ بىر قىسىم ئەڭ قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىز ھازىر بارلىق ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ ئەقلىي كۈچىدىن پايدىلىنىشقا ناھايىتىمۇ قاتتىق ئېھتىياجلىق بولۇۋاتىمىز. شۇڭلاشقا بىز دۇنيا نوپۇسىنىڭ يېرىمىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشقا زادىلا چىقىنالمايمىز.»

مەن بۇ يەردە تەسۋىرلىمەكچى بولغان خەۋەر شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

شۇنداق. قىزلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشى، كەم دېگەندە تولۇقسىز ھەتتا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگۈچە تولۇق ئوقۇشى تولىمۇ مۇھىم. بۇ ئىش ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە «شوئار» ۋە «چارە» دېگەن ئىككى مۇھىم ئۇقۇم بار. كۆپىنچە ئوقۇرمەنلەر بۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ پەرقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئىككى ئۇقۇمدىن توغرا پايدىلىنالمايدۇ. ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە شوئارلار بەك كۆپ. ئەمما چارىلەر بەك ئاز. نۇرغۇن كىشىلەر پەقەت شوئار توۋلاش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، چارىگە ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ. مېنىڭ ھەر بىر ئۇيغۇر ئاتا-ئانىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم، ئەگەر سىز بىر قىزنىڭ دادىسى ياكى ئاپىسى بولسىڭىز، سىزنىڭ قانداق ئەھۋاللارغا دۇچ

كېلىۋاتقانلىقىڭىزدىن قەتئىينەزەر، قىزىڭىزنى ئەڭ كەمدىمۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە ئوقۇتۇڭ. ئەڭ ياخشىسى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە، ھەتتا ئۇنىڭدىن يۇقىرىدىن بولغان باكلاۋۇر، ماگىستىر ۋە دوكتورلۇققىچە ئوقۇتۇڭ. بۇنىڭ پايدىسى ناھايىتىمۇ كۆپ. ئادەم ئوقۇش ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئۇيغۇرلارمۇ شۇنداق. ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىمۇ ھەم شۇنداق. ئۇنىڭ پاكىتىنى مەن بۇ قېتىم تەييارلىغان مەزكۇر يازمىدىن كۆرۈۋالالايسىز. بىر قىسىم ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى ناھايىتى چەكلىك پۇرسەتلەر ئىچىدە ياشىسىمۇ، ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىگە تايىنىپ، ھەر خىل قىيىنچىلىقلار ۋە ھەر خىل توسالغۇلارغا باش ئەگمەي، قاتتىق تىرىشىش نەتىجىسىدە ئەڭ ئاخىرى ئۇتۇپ چىقىپ، ھازىر ھەر خىل خەلقئارالىق سەھنىلەردە رول ئېلىپ، ئۇيغۇر ئۈچۈن شان-شەرەپ كەلتۈرۈۋاتىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ھازىرغىچە تونۇشتۇرۇپ

بولدۇم. بۇ قېتىم يەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى 2 قېرىندىشىمىزنى تونۇشتۇرىمەن. ئۇلار مەن هازىرغىچە تونۇشتۇرغان 29- ۋە 30-قېرىندىشىمىز بولۇپ هېسابلىنىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇسا ئۇنداق قېرىنداشلىرىمىزنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق تونۇشتۇرىمەن. مەن بۇ خانىم-قىز قېرىنداشلىرىمىزدىن ناهايىتىمۇ پەخىرلىنىمەن، هەمدە سىزنىڭمۇ شۇنداق قىلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.

ۋەتەنىدىكى ياش-ئۆسمۈرلەر، ۋە بىزنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز ئارىمىزدىكى هازىرغىچە بىر قىسىم ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىپ، ئاخىرى ئۇتۇپ چىققان كىشىلەرنىڭ تەجرىبىسىگە موهتاج. ئۇلارنىڭ يول باشلىشىغا، يېتەكلىشىگە، ۋە رىغبەتلەندۈرۈشىگە موهتاج. مەن هازىرغىچە مۇنداق 3 شەرتنىڭ بىرىنى قانائەتلەندۈرگەن قېرىنداشلارنى تونۇشتۇرۇپ كېلىۋاتىمەن: (1) چەت ئەلدە ئوقۇپ، بىر يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. (2)

چەت ئەلدە ئىشلەپ، بىر مۇھىم كەسىپي خىزمەت ئورنىغا ئېرىشكەن. (3) چەت ئەلدە ياكى ئۇيغۇر دىيارىدا كەسپىي جەھەتتە ئالاھىدە نەتىجە قازانغان. ئەگەر سىز ئاشۇ 3 شەرتنىڭ بىرىنى هازىرلىغان بولۇپ، مېنىڭ تونۇشتۇرۇشۇمنى خالىسىڭىز، مەن بىلەن «bilim.humar@yahoo.com» ئارقىلىق ئالاقىلىشىڭ. ئەگەر سىز ئاشۇ 3 شەرتنىڭ بىرىنى هازىرلىغان قېرىنداشلىرىمىزنى بىلسىڭىزمۇ ئۇلارنى ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭ. سىز ماڭا تەييارلاپ ئەۋەتىپ بېرىدىغان مەزمۇن كونا يېزىق ۋە يېڭى يېزىق PDF نۇسخىلىرىدا بولمايدۇ. ماڭا پەقەت يېڭى يېزىق ياكى كونا يېزىق «Word» ھۆججىتىلا كېرەك. مەن ئۆزۈم يېڭى يېزىق نۇسخىسىنى ياخشىراق كۆرىمەن، سەۋەبى مەن تەھرىرلەشنى يېڭى يېزىق بويىچە قىلىمەن. سىز ئىشلەتكەن ھەرپلەر ۋە گىراماتىكىدا خاتالىقلار بولسا كېرەك يوق. مەن ھازىرغىچە تورلارغا چىقارغان تەرجىمىھالدىن بىرىنى ئۈلگە قىلىپ

تۇرۇپ، 3-شەخس نامىدا (يەنى «ئۇنداق قىلدى، مۇنداق قىلدى»، ياكى «ئۇنداق قىلغان، مۇنداق قىلغان» دەپ يېزىلىك؛ ھەرگىزمۇ «ئۇنداق قىلدىم، مۇنداق قىلدىم» دەپ يازماڭ) يېزىپ چىقسىڭىز بولىدۇ. چەت ئەلدە ئۆزۈڭ تۇرغان، ۋە بۇرۇن «مىنكاۋخەن» بولۇپ ئوقۇغان قېرىنداشلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇرچىنى توغرا يازالمايدۇ. مەن رەڭگارەڭ ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان يېڭى يېزىقچە يازمىلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇيالايدىغان بولۇپ، سىز ئەۋەتكەن مەزمۇننى بىرمۇ-بىر، ھەرپمۇ-ھەرپ ئۆزگەرتىپ چىقىمەن. ئۆزگەرتىش بەك قىيىن بولسا، ئۇنى ئۆزۈم پۈتۈنلەي باشقىدىن يېزىپ چىقىمەن. بۇ ئىشقا قاتنىشىش ئارقىلىق سىز بۇ دۇنيادا خەلقىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە قەدىرلىشىگە ئېرىشەلەيسىز. يەنە بىر دۇنيادا بولسا ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلەيسىز. ئاللاھ بىزنى ئۆزىمىز كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ باھالىمايدۇ. بەلكى، ئاللاھ

بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش يولىدا نامايان قىلغان سەمىمىيىتىمىزگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ باھالايدۇ. مەن سىزنىڭ ماڭا ۋە خەلقىمىزگە قىلغان قىممەتلىك ياردىمىڭىز ئۈچۈن سىزگە ئالدىنئالا رەھمەت ئېيتىمەن.

بىر قانچە ئۈكىلار ماڭا ئۇيغۇرچىنى ئانچە ياخشى بىلمەيدىغان ئۇيغۇر ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭمۇ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، مۇشۇ خىلدىكى بىر قاتار ماقالىلەرنىڭ خەنزۇچىسىنىمۇ تەييارلاپ، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇچە تور بەتلىرىگە يوللاپ قويۇشنى تەۋسىيە قىلدى. بۇ بىر ناھايىتى ياخشى تەكلىپ بولۇپ، مەن ئۇنى تولۇق قوللايمەن، ھەمدە يۇقىرىدىكى تەكلىپنى بەرگەن قېرىنداشلارغا رەھمەت ئېيتىمەن. ئەمما ئۇ ئىشنى مەن ئۆزۈم قىلالمايمەن. ئەگەر ئاشۇنداق ئىشنى قىلىشنى خالايدىغان قېرىنداشلار بار بولسا، ئۇلار مەن بىلەن «bilim.humar@yahoo.com» ئارقىلىق ئالاقىلەشسە، مەن بارلىق يازمىلارنىڭ «Word»

ھۆججىتىنى ماڭدۇرۇپ بېرىمەن.

## نەفىزە ئابدۇراخمان



سىڭلىمىز نەفىزە ئابدۇراخمان

سىڭلىمىز نەفىزە 1970-يىلى غۇلجا شەھىرىدە بىر تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇلار 9 قېرىنداش بولۇپ، ئۇلارنىڭ يەتتىسى قىز، ئىككىسى ئوغۇل. نەفىزە كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭ

دادىسى رەھمەتلىك تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئائىلىسىنى قامدايتتى. ئۇنىڭ دادىسى ئالىي مەلۇماتلىق بولمىسىمۇ، پەرزەنتلىرىنى ھەر ۋاقىت ياخشى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. بالىلىرىمۇ دادىسىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، ناھايىتى ياخشى ئوقۇدى. 1987-يىلى بالىلارنىڭ چوڭى بولغان نەفىزەنىڭ ئاكىسى تۇيۇقسىز كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن نەفىزەنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەلدى. نەفىزە بولسا غۇلجا تىببىي مەكتىپىدە سېستىرالىق ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، غۇلجىدا قېلىپ قالدى. ئۇ چاغدا نەفىزە غۇلجا تىببىي مەكتىپىگە 430 نومۇر بىلەن ئىلى ۋىلايىتى بويىچە 2- يۇقىرى نومۇر بىلەن سېستىرالىق كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان ئىدى.



1986-يىلى نەفىزەنىڭ غۇلجىدىكى ئۆيىدە تارتىلغان رەسىم. بۇ نەفىزە دادىسى ۋە ئاپىسى بىلەن بىللە.

نەفىزە غۇلجىدىكى ئوقۇشىنى 1992-يىلى پۈتتۈرۈپ، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. 1992-يىلى 9-ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3-دوختۇرخانىنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىندى. شۇ يىلدىن باشلاپ 2000-يىلغىچە 3-دوختۇرخانىدا ئىشلىدى. 2000-يىلى 4-ئايدا ئۇ خىزمەتتىن ئىستىپا بېرىپ، ئۆز ئالدىغا پەرۋىشخانا (ياكى كىچىك داۋالاش پونكىتى) ئاچتى.

نەفىزە 2002-يىلى 8-ئايدا ئۆز خىراجىتى بىلەن نورۋېگىيەگە كەلدى. نورۋېگىيەگە كەلگەندىن كېيىن، بۇ دۆلەتنىڭ ئىستىمال سەۋىيىسى بەكمۇ يۇقىرى بىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى، ۋە تىلىنىڭ ئۆگىنىشكە ئانچە قولاي ئەمەسلىكىنى بايقاپ، ناھايىتى زور بېسىم ھېس قىلدى. دادىسى ئۇلارغا داۋاملىق «قىيىنچىلىق دېگەن ۋاقىتلىق بولىدۇ، پەقەت تىرىشساڭلا ئۇنى يېڭەلەيسەن، ئەڭ قورقۇنچلۇقى بەلنى قويۇۋېتىش»، دەيتتى. شۇڭا نەفىزە دادىسىنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىنى ئويلاپ، ئۆز-ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، ئىچىدە «مەن چوقۇم مۇشۇ دۆلەتتە ياشاپ قالىمەن، قىيىنچىلىقتا باش ئەگمەيمەن، باشقىلار قىلالىغاننى مەنمۇ قىلالايمەن»، دەپ ئويلاپ، قاتتىق ئىرادە بىلەن ناھايىتى تىرىشىپ ياشىدى. 2004-يىلى 2-ئايغا كەلگۈچە قىزىغا ھامىلدار بولۇش ۋە يەڭگىش ئىشلىرى بىلەن ئوقۇيالمىدى.

نەفىزە قىزىنى يەڭگىپ بولۇپ، 40 كۈن

توشقاندا بىر نورۋېگ تىلى مەكتىپىدە ئوقۇشنى باشلىدى. تىل مەكتىپى بىلەن ئۆيىنىڭ ئارىلىقى 6 كىلومېتىر بولۇپ، ئۇ ئارىلىقتا ئاپتوبۇس قاتنىمايتتى. ئۇ چاغلاردا نەفىزە تېخى ماشىنىمۇ ھەيدىيەلمەيتتى. شۇڭا ئۇ ھەر كۈنى مەكتەپكە بېرىپ-كېلىش ئۈچۈن 12 كىلومېتىر يولنى پىيادە قاتنىدى. نەفىزە مەكتەپكە كەتكەندە، ئەمدى 40 كۈنلۈك بولغان قىزىغا ئۇنىڭ ئېرى قارىدى. نەفىزە يالغۇز كۈندۈزدىلا ئوقۇپ قالماي، ئۇ يەنە ئاخشىمى ئوقۇتىدىغان مەكتەپكىمۇ يېزىلىپ ئوقۇدى. بەزى كۈنلىرى بىر كۈندە 24 كىلومېتىر يولنى پىيادە ماڭدى. گەرچە نەفىزەنىڭ ھەر بىر كۈنى ئىنتايىن جاپالىق بولسىمۇ، ئۇ ئاشۇ جاپالارغا چىدىدى. ئائىلە ئىشلىرى ۋە بالا بېقىش ئىشلىرىنىمۇ ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ ماڭدى. تىل ئۆگىنىش كۇرسىغا بېرىپ، 7 ئاي ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، نورۋېگىيە خەلق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ئۆتكىلىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتتى. نەفىزەنىڭ تىل

كۆرسىدىكى مۇئەللىملىرى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «بىز ھازىرغىچە بىر چەت ئەللىكنىڭ بۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتكىنىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدۇق. سەن ئۇيغۇر قىزى بەك تىرىشچان ئىكەنسەن. بۇنى بىز مەكتىپىمىز تارىخىدىكى بىر مۆجىزە، دېسەكمۇ بولىدۇ.»

تىلدا ئاساس سېلىۋالغاندىن كېيىن، نەفىزە دەسلەپىدە «مەن تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ بولدۇم، ئەمدى سېستىرالىق كەسپىمنى قىلسام بولىدۇ»، دەپ ئويلىدى. ئەمما كېيىن خىزمەت ئىزدەپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ نورۋېگىيەدە سېسترا بولماق ئىنتايىن تەس ئىكەنلىكىنى، بۇ يەردە سېسترا بولۇش ئۈچۈن ئوتتۇرا تېخنىكوم دىپلومى بېتىشمەيدىغانلىقىنى، چوقۇم باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانى بار بولۇشى تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدى. نەفىزە ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم دىپلومى ۋە خىزمەت تارىخىنى رەسمىي ئىسپاتلاشتىن ئۆتكۈزۈپ («notarization») قىلدۇرۇپ)، ئۇلارنى دۆلەتلىك

سەھىيە باشقارمىسىغا ئەۋەتىپ، رەسمىي سېستىرا بولۇشتىن بۇرۇن بىر ياردەمچى سېستىرا بولۇپ ئىشلەپ تۇرۇش ئىلتىماسى سۇندى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەيلا يۇقىرىدىن نەفىزەنىڭ ئىلتىماسى قوبۇل قىلىنىپ، ئۇنى «ياردەمچى سېستىرا» دەپ ئېتىراپ قىلىغانلىقى ھەققىدە ئىسپات خېتى كەلدى.



نەفزە ئابدۇراخمان، ئۇنىڭ ئېرى تۇرسۇنتاي، ۋە ئۇنىڭ

قىزى نازاكەت. بۇ رەسىم 2015-يىلى 3-ئاينىڭ 14-كۈنى نورۋېگىيەنىڭ ئوسلو شەھىرىدە تارتىلغان

شۈنىڭدىن باشلاپ نەفىزە بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن 2005-يىلى 4-ئايدىن باشلاپ ئوسلودىكى « AOslo and Akershus University, College of Applied Science, HIO» دېگەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇدى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇشىنى باشلاپ بىر ھەپتە بولغاندا، نەفىزەگە دادىسى ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن نەفىزە ئاسماندىن يەرگە چۈشكەندەك بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇ چاغدىكى ھېسسىياتىنى سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئەگەر دادىسى نەفىزەنىڭ بۇ يەردىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغۇچىلىك ھايات تۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۇ قىزىدىن قانچىلىك خوش بولۇپ كېتەتتى-ھە؟ نەفىزە دادىسىنى پەخىرلەندۈرۈش ئۈچۈن شۇنچە

ئالدىرىغان، ۋە شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئارزۇسى ئىشقا ئاشمىدى. دادىسى ھەققىدىكى شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، نەفىزە مەكتىپكە بىر ھەپتىگىچە بارالمىدى. قاتتىق ئازابلاندى. ئۇنداق ئازابنى پەقەت چەت ئەلگە چىقىپ، نەفىزەگە ئوخشاش سەرگۈزەشتىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باققان كىشىلەرلا ھېس قىلالايدۇ. نەفىزە بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزىنى زورلاپ تۇرۇپ مەكتەپكە بېرىشنى باشلىدى. مەكتەپكە بارغان 1-كۈنى ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭدىن ھال سوراپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى، ھەممىدە ئۇنىڭدىن «بىرەر پوپ بىلەن سۆزلىشىپ، كۆڭلىڭىزگە بىر ئاز ئارام تېپىشنى خالامسەن؟» دەپ سورىدى. نەفىزە بولسا «ياق، مەن بىر مۇسۇلمان»، دەپ جاۋاب بەردى.

نەفىزە ئۆزىدىكى روھىي ئازابقا بەرداشلىق بېرىپ، ئوقۇشىنى يەنە داۋاملاشتۇردى. نورۋېگىيەدىكىلەر نەفىزەدەك چەت ئەللىك

سىپىستراللارغا خۇددى يەرلىك سىپىستراللار بىلەن ئوخشاش تەلەپ قويىدىكەن. ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىلمىي ماقالىسى 25 بەت ئۆزۈنلۈقتا بولۇشى، مېدىتسىنالىق ھېساباللاش نەتىجىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى، ھەممىدە ئۇنىڭدا بىر خاتالىقمۇ يۈز بەرمەسلىكى شەرت قىلىنىدىكەن. نەفىزە 25 بەتلىك ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىلمىي ماقالىسىنى يازدى، ھەممىدە ئىمتىھاندىن ئۆتتى. ئەمما مېدىتسىنالىق ھېساباللاش ئىمتىھانىدىن خاتاسىز ئۆتەلمىدى. ئۈچ قېتىم قايتىلاپ ئىمتىھان بېرىپمۇ ئۆتەلمىدى. ئۇنىڭ ئىچى تىتىلدىدى. «ئىمتىھاندا چوقۇم 100 نومۇر ئالسەن، 99 نومۇر ئالساڭ ئۆتەلمەيسەن»، دېگەن تەلەپ ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيتتى. ئۇ قاتتىق ئىرادىگە كېلىپ، ھېلىقى ئىمتىھاننى 4-قېتىم يەنە بەردى، ھەممىدە ئىدىيە جەھەتتىن «بۇ قېتىم يەنە ئۆتەلمىسەم، ئۆزۈمنىڭ ياردەمچى سىپىسترالىقنى قىلىمەن»، دەپ تەييارلىق قىلىپ قويدى. ئۇ چاغدا نەفىزەنىڭ ئانىسىمۇ

قىزنىڭ كۆرۈش ئۈچۈن نورۋېگىيەگە كەلگەن ئىدى. قىزنىڭ بۇنچىلىك قىينىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چىدىمىغان ئانا: «بولىدىلا بالام، ئۆتەلمىسەڭ يارىدەمچى سېستىرا بولۇپ ئىشلەۋەرگىنە، جەنىڭنى بۇنچىۋالا قىينىماي»، دېدى. تۆتىنچى قېتىملىق ئىمتىھاننى بېرىپ بولۇپ، ئۇنىڭ نەتىجىسى چىققۇچە بولغان بىر ھەپتە ۋاقىت نەفىزە ئۈچۈن ئىنتايىن ئاستا ئۆتتى. ئاندىن نەفىزەگە ئاخىرى پوچتىدىن بىر پارچە خەت كەلدى. ئۇ خەتتە «سىز ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولدىڭىز»، دېيىلىپتۇ. بۇنى كۆرگەن نەفىزە، خۇشاللىقتىن كۈلمەي، قاتتىق يىغلىۋەتتى. سەۋەبى، ئۇ بۇ كۈنگە ئىنتايىن تەستە، ئىنتايىن جاپادا ئېرىشكەن ئىدى.

نورۋېگىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سەھىيە باشقارمىسى نەفىزە ئۇيغۇر دىيارىدا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنىڭ ئىسپاتلىرى ئىچىدە ياشانغانلاردىن خەۋەر ئېلىش ۋە ساقلىقىنى ساقلاش پۇنكىتى، ھەمدە روھىي

كېسەللەردىن خەۋەر خىزمەت تۈرى بويىچە ئېلىپ بارغان پراكتىكا قاتارلىقلارغا ئائىت پاكىتلار كەم ئىكەن، دەپ، نەفىزەگە ياشانغانلاردىن خەۋەر ئېلىش ئورنىدا 3 ئاي، ساقلىقنى ساقلاش پونكىتىدا بىر ئاي، ۋە روھىي كېسەللەرگە قارايدىغان بۆلۈمدە 2 ئاي پراكتىكا قىلىش شەرتىنى قويىدى. شۇنىڭ بىلەن نەفىزە نائىلاج بۇ 6 ئايلىق پراكتىكا جەريانىنىمۇ تاماملاپ، ئۇنىڭ ئىسپاتىنى سەھىيە باشقارمىسىغا ئەۋەتتى. 2007-يىلى 10-ئاينىڭ ئاخىرىدا، نەفىزە « AOslo and Akershus University, College of Applied Science, HIO» دېگەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ۋە دۆلەتلىك سەھىيە باشقارمىسى ئېتىراپ قىلغان سېستىرالىق دىپلومىغا ئېرىشتى. بۇ ئىشتىن نەفىزە ناھايىتى خۇشال بولالماي تۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى خىزمەت ئورنىدا رەسمىي سېستىرا بولۇپ ئىشلەشنى باشلىدى.

قىزنى يەڭگەپ بولغاندىن كېيىن نەفىزەنىڭ ئۆڭ بىقىنىدا بىر ئاغرىق پەيدا بولۇپ، ئۇنى بەكمۇ قىيىنىدى. نەفىزە بارمىغان دوختۇرخانىلار قالمىدى. نەفىزە قىزنى ئوپېراتسىيە ئارقىلىق تۇغقان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى تەكشۈرتۈشكە بارغان ھەممە دوختۇرخانىلار نەفىزەنى CT غا چۈشۈرۈپ، ئاشۇ ئوپېراتسىيە جەريانىدا ئۇنىڭ ئۆڭ بىقىنىدىكى بىر نېرۋىسى زەخىملەندۈرۈلگەنلىكىنى، ئۇنى داۋالىغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. نەفىزەنىڭ ھېلىقى بىقىنى توختىماي قاتتىق ئاغرىۋەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ 2008-يىلىدىن باشلاپ خىزمىتىنى توختىتىشقا مەجبۇرى بولدى. ئۇ ئاغرىققا چىدىماي، توختىماي پۈتنى يەرگە ئۇراتتى. ھەر كۈنى ئاغرىق پەسەيتىدىغان دورىغا تايىنىپ ئۆتكۈزەتتى. ئاشۇ مەزگىللەردە نەفىزە «مەن سېستىرالىقنى داۋاملاشتۇرالمايدىكەنمەن»، دەپ ئويلاپ، كەسىپ ئۆزگەرتىش قارارىغا كەلدى، ھەمدە ئوسلودىكى «

Norwegian Business School» دېگەن ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ سەھىيە سىستېمىسىنى باشقۇرۇش كەسپىدە 2009-يىلدىن 2011-يىلغىچە ئوقۇدى. بۇ مەكتەپنىمۇ 30 بەتلىك ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىلمىي ماقالىسى يېزىش ۋە نەق مەيداندا يازمىچە ئىمتىھان بېرىش ئارقىلىق پۈتتۈردى.

نەفىزە دۆلەتلىك سېستىرالار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، 2012-يىلى نويابىردا ئۇ ئاشۇ جەمئىيەتتىن بىر پارچە، بېيجىڭنى ساياھەت قىلىپ كېلىش تەكلىپىنى تاپشۇرۇپ ئالدى، ھەمدە قىزى بىلەن بېيجىڭغا باردى. شۇ چاغدىكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، نەفىزە بېيجىڭدىكى بىر دوختۇرخانىغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ باقتى. نەتىجىدە ئۇ يەردىكى دوختۇرلار «سىز ئاستا خاراكتېرلىك سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى بولۇپ قاپسىز، شۇڭا سوقۇر ئۈچەينى ئېلىۋېتىش كېرەككەن»، دېگەن يەكۈننى چىقاردى. نەفىزە «توۋا، بىر ئادەم سوقۇر ئۈچەي ياللۇغىنىڭ دەردىنى 9 يىل تارتقانمۇ بارمۇ؟»، دەپ

هەيران قالدى. نورۋېگىيەدە كۆپ قېتىم دوختۇرلارغا ئۆزىنىڭ سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇلار نەفزەنىڭ سۆزىگە ئەھمىيەت بەرمىگەن ئىدى. شۇ يىلى 12-ئايدا نەفزە بېيجىڭدا ئۆزىنىڭ سوقۇر ئۈچىيىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئالدۇرۇۋەتتى. نورۋېگىيەگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 2013-يىلى يانۋاردىن باشلاپ نەفزە يەنە ئۆزىنىڭ سېستىرالىق خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. قايتىدىن خىزمەتكە چۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي، نەفزە ئۆزىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، ئوخشىمىغان 4 ئورۇندىكى «بۆلۈم باشلىقى» دېگەن خىزمەتكە ئىلتىماس قىلىپ باقتى. قاتتىق سۆھبەتلىشىپ باھالاش جەريانلىرىنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، ئوسلودىن بىر ۋە ئاكېرشۇستىن بىر بولۇپ ئىككى يەردىن خىزمەتكە قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ئەمما 4 يىلدەك ۋاقىت ئىشلىمەي ئۆيدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن، نەفزە ھېلىقى

خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي قېلىشتىن سەل ئەنسىرىدى. نەتىجىدە ئۇ شىركەتلەرگە رەھمەت خېتى يېزىپ، ئۇ خىزمەتلەرنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ھازىر ئۆزى تۇرۇشلۇق رايونغا يېقىن بىر ئىدارىدە گۇرۇپپا سېستراسى ۋە جاۋابكار سېسترا بولۇپ، خىزمىتىدىن ناھايىتىمۇ رازىمەنلىك بىلەن ئىشلەۋاتىدۇ.

نەفىزەنىڭ قىزى بۇ يىل 11 ياشقا كىرگەن بولۇپ، يېقىندا 7-سىنىپقا چىقىدۇ قىزى مەكتەپتە بەكمۇ ياخشى ئوقۇۋاتىدۇ. يولدۇشى تۇرسۇنتاي 10 يىل بىر مال ئىسكىلاتىدا ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۇ يەردە داۋاملىق ئىشلەشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىشتىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆز ئالدىغا بىر كىچىك فىرما قۇردى. ھازىر نەفىزەنىڭ يولدىشى ئوسلودىكى ئەڭ چوڭ ئايرودروم «Gardmeon» ئايرودرومىدا زاكاس ماللارنى يەتكۈزۈش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

نەفىزە نورۋېگىيەگە يېڭى كەلگەن

ۋاقتىدىكى بېسىم ۋە دېلىغۇللۇق ھالىنى ئەسلىسە، بۈگۈنگە قانداق كەلگەنلىكىگە ئۆزىمۇ ھەيران قالىدۇ. ھازىر ئۇ ئىشلەۋاتقان ئورۇندا 63 خىزمەتچى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەردىن پەقەت 5 كىشىلا بار. نەفىزە ئۇنىڭ بىرى. قالغان 58 دەك خادىملار پەقەت كەسپى مەكتەپ ياكى ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگىلا ئىگە. نەفىزە ئۆزى بىر چەت ئەللىك تۇرۇپ، ھازىرقىدەك بىر يۇقىرى ئورۇندا ئىشلەۋاتقانلىقىغا ناھايىتمۇ پەخىرلىنىدۇ. نورۋېگىيەدە سېستىرالىق خىزمىتى ئىنتايىن يۇقىرى مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان خىزمەت بولۇپ، كۆپلىگەن نورۋېگىيىلىك ياشلار سېستىرالىقتا ئوقۇشنى خالىمايدۇ. ئاشۇنداق يۇقىرى مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن سىڭلىمىز نەفىزە ھازىر ناھايىتى ياخشى چىقىۋاتىدۇ.

نەفىزەنىڭ ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئوتتۇرا ياشلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىغا مۇنداق يۈرەك

سۆزلىرى بار: «بىز ئۇيغۇرلار بەك ئەقىللىق مىللەت بىز. دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىگە قاراپ باقساق، يات ئەلنىڭ تىلىنى پۇختا ئىگىلەپ، ياخشى ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى بايقايمىز. بىز بىر ئەقىللىق مىللەت بولغانىكەنمىز، ئەگەر بىز تىرىشساقلا، كۆزلىگەن مەقسەتكە چوقۇم يېتەلەيمىز. باشقىلار ئۆگەنگەننى بىزمۇ ئۆگىنەلەيمىز. باشقىلار ياسىغاننى بىزمۇ ياسىيالايمىز. باشقىلار قىلالىغاننى بىزمۇ قىلالايمىز. بىزدە پەقەت سەبرى-تاقەت، چىداملىق ۋە قاتتىق ئىرادىلا بار بولىدىكەن، بىز ھەر قانداق ئىشنى قىلالايدىكەنمىز. ھاردىم-تالدىم دېمىسەك، ۋە قاتتىق تىرىشساق، كۆزلىگەن مەقسەتكە چوقۇم يېتەلەيدىكەنمىز. نورۋېگىيەدە سېستىرالار كەمچىل. شۇڭا بۇ دۆلەتكە كېلىپ، سېسترا بولۇپ ئىشلەشنى خالايدىغان ياشلار بار بولسا، ئۇنىڭ يولى ھەققىدە ئىزدىنىپ باقساڭلار بولىدۇ. ئاللاھ خالىسا، ۋاقتى كەلگەندە مەنمۇ قولۇمدىن كەلگەن ياردەملەرنى

ئايىمايمەن.»

## تۆۋەندىكى 4 پارچە رەسىمدە بىرىلگىنى نەفىزەنىڭ نورۋېگىيەدە ئالغان ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىلىرى



SPRÅKPRØVEN I NORSK
FOR VOKSNE INNVANDRERE

Nefize Abdurahman
navn

20.08.1970
fødselsdato

har vært oppe til
Språkprøven i norsk for voksne innvandrere
med følgende resultat

Skriftlige ferdigheter i norsk Bestått
Muntlige ferdigheter i norsk Bestått
(Se ferdighetsbeskrivelser på baksiden)


Bergen/Oslo 07.04.2005

Universitetet i Bergen
Fagrådet for Norsk språktest

Folkeuniversitetet
Studieforbundet -
Norsk språktest

Språkprøven er utviklet av Norsk språktest (Universitetet i Bergen og Studieforbundet Folkeuniversitetet) i samarbeid med utdanningsmyndighetene og godkjent som avsluttende prøve for grunnopplæringen i norsk av

UTDANNINGS- OG FORSKNINGSDEPARTEMENTET



KURSBEVIS

KURS I NASJONALE FAG FOR SYKEPLEIERE
SOM IKKE ER OMFATTET AV INTERNASJONALE AVTALER.

Nefize Abdurahman
kursdeltakers navn

har deltatt ved kurs i Nasjonale fag for sykepleiere som Høgskolen i Oslo,
avdeling for sykepleierutdanning har arrangert ,
i tiden fra 11.april til 29.april 2005.
Kurset har fulgt "Studieplan i Nasjonale fag" godkjent av Sosial- og Helsedirektoratet.
Kandidaten har bestått avsluttende prøve i nasjonale fag mai 2006
Kandidaten har bestått prøve i legemiddelregning april 2007.

KURSINNHOLD:
SYKEPLEIE, FARMAKOLOGI OG SAMFUNNSFAG/ LOVGIVNING

Kurset har et omfang av 70 timer og har hatt følgende innhold:

| | |
|---|---|
| Norsk helselovgivning | 16 timer |
| Samfunnsfag | 9 timer |
| Farmakologi | 15 timer |
| Sykepleie | 30 timer |
| Prøve i legemiddelregning: | Bestått |
| Avsluttende prøve | Bestått |

Jan Ove Vatne (sign)
Høgskolelektor

Karin Evje Olsen
Rådgiver

høgskolen i oslo
avdeling for sykepleierutdanning



Autorisasjon
Sykepleier

Nefize Abdurahman

født 20. august 1970
ID-nummer: 009282998

autoriseres hermed som sykepleier med hjemmel i lov av 2. juli 1999 nr. 64 om helsepersonell § 53, jf. § 48, med de rettigheter og plikter som følger av den til enhver tid gjeldende norske lovgivning som regulerer helsepersonells yrkesutøvelse.

In accordance with the Act on Health Personnel of 2nd July 1999 No. 64, Section 53, cf. Section 48, the Norwegian Registration Authority for Health Personnel certifies that the person mentioned above is authorised as general nurse.

Statens autorisasjonskontor for helsepersonell
Oslo, 29. oktober 2007

Cathrine Lien Jensen
avdelingsleder

Christian Lilleåsen Gjelseth
førstekonsulent



BI Norwegian School of Managem

VITNEMÅL

Certificate

Navn
Name

Abdurahman, Nefize

Født
Date of birth

20.06.1970

har fullført:
has completed the:

Grunnstudiet - Ferdigheter i helseledelse

Health Care Management Skills

Nettstudier, 27.09.2011

Rektor
President

Direktør
Director

BI HANDELSHØYSKOLEN

# زەينۇرە سابىر



سىڭلىمىز زەينۇرە سابىر

سىڭلىمىز زەينۇرە ئابلىمىت قەشقەر شەھىرىدىكى بىر ئىشچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. زەينۇرە كىچىك ۋاقتىدىلا ئاپىسى ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى چوڭ ئاپىسى بىلەن چوڭ دادىسى بېقىپ چوڭ قىلغان. گەرچە ئۇ چاغلاردا چوڭلار ئۇنىڭغا «چوقۇم ياخشى ئوقۇك» دېگەن تەلەپنى قويمىغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزلۈكىدىن

تىرىشىپ ئوقۇپ، باشلانغۇچتىن تارتىپ قەشقەر 1-تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگۈچە سىنىپ بويىچە ئەلا ئوقۇغۇچى بولۇپ ئوقۇدى. ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغاندا زەينۇرەنىڭ چوڭ-ئاپا ۋە چوڭ-دادىسى «قىز بالا يىراقتا ئوقۇسا ياخشى بولمايدۇ»، دەپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئىلتىماس قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئەمما زەينۇرەنىڭ ئۇيغۇر دىيارىنىڭ سىرتىنى كۆرۈپ بېقىش ئارزۇسى بار بولغاچقا، چوڭلارنىڭ تەۋسىيىسى بويىچە ئىش كۆرمەي، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى مەكتەپلەرگە ئىلتىماس قىلدى. نەتىجىدە 1986-يىلىدىن 1988-يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەييارلىق سىنىپىدا ئوقۇپ، ئاندىن شاڭخەي خۇادوڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى (上海华东师范大学) نىڭ پسىخولوگىيە فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندى. ھەمدە شۇ چاغدا ئۆزى بىلەن بىر سىنىپقا تەقسىم قىلىنغان 68 نەپەر

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدىكى بىردىنبىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بولۇپ قالدى. ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتىدىن ۋە ئانا تىلىدىن ئايرىلىپ، باشقىلارغا ئارىلىشىپ ئوقۇغانلىقى، ھەمدە خەنزۇ تىلىنى ئاران ئىككى يىل ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن، دەسلىپىدە ئۇنىڭغا دەرسلەرگە يېتىشىپ ئوقۇش بەكمۇ تەس كەلدى. لېكىن ئۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ساۋاقداشلىرىدىن قېلىشماي ئوقۇپ، 1992-يىلى ئالىي مەكتەپنى ياخشى نەتىجىلەر بىلەن پۈتتۈردى.

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، زەينۇرە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ پەن-تەتقىقات بۆلۈمىگە بۆلۈنۈپ، شۇ بۆلۈم چىقىرىدىغان مەكتەپ ژۇرنىلىغا تەھرىر بولۇپ، ئۇ يەردە تاكى 1996-يىلىغىچە ئىشلىدى. 1996-يىلى ئۈرۈمچىدىكى «شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرنىلى» غا يۆتكىلىپ كېلىپ، شۇ يەردە تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «2-دەرىجىلىك مۇھەررىرلىك

ئۇنۋانى» (中级职称) غا ئېرىشتى.

1999-يىلى زەينۇرە ئېرى بىلەن رۇسىيەنىڭ سانت پېتېربۇرگ (Saint-Petersburg) شەھىرىگە بېرىپ، سانت پېتېربۇرگ مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پسىخولوگىيە فاكۇلتېتىدا بىر يىل بىلىم ئاشۇردى. شۇ مەزگىلدە زەينۇرەگە داۋاملىق ئوقۇش پۇرسەتلىرى كۆپ قېتىم كەلگەن بولسىمۇ، ئوغلى تېخى كىچىك بولغاچقا، ئۇ 2000-يىلى ئېرى بىلەن ئۇيغۇر دىيارىغا قايتتى.

يۇرتقا قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، زەينۇرە چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر يېڭى خىزمەتكە يۆتكىلىپ، ئاشۇ مەكتەپنىڭ مېخانىكا ئىنژېنېرلىق فاكۇلتېتى «خەلقئارالىق جۇڭگو-رۇسىيە يېنىك مېتال تەتقىقات مەركىزى» نىڭ بىر تەجرىبخانىسىدا «تەجرىبخانا باشقۇرغۇچىسى» ۋە «پروفېسسور ياردەمچىسى» بولۇپ ئىشلىدى. شۇ

مەزگىلىدە زەينۇرە يەنە ئاشۇ مەركەز چىقارغان بىر ژۇرنالنىڭ «مۇئاۋىن تەھرىرى» لىك ۋەزىپىسىنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىدى. چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق 140 كىشىلىك جۇڭگو-رۇسىيە يېنىك مېتال يىغىنىغا، ۋە شېنجېندا ئۆتكۈزۈلگەن يەنە بىر مەملىكەتلىك يېنىك مېتال ئىلمىي-تەتقىقات يىغىنىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ بىر ئاددىي ئىش ئورنىدا ئۆزىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى زور قابىلىيىتىنى نامايان قىلدى. زەينۇرە چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدا مانا مۇشۇنداق ئۈچ يېرىم يىل ئىشلەپ، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئېرى ئەزەلدىن ئۇيغۇر ئىشلەپ باقمىغان بۇ داڭلىق ئالىي بىلىم يۇرتىدا باشقىلارغا ئۆز قابىلىيىتىنى، ۋە ئەقىل پاراسىتىنى كۆرسىتىپ، مەكتەپتىكىلەرنىڭ چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇشىغا ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا سازاۋەر بولدى.




زەينۇرەنىڭ چىڭخۇا ئۇنىۋېرستېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق 140 كىشىلىك جۇڭگو-رۇسىيە يېنىك مېتال يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان ۋاقتىدىكى بىر كۆرۈنۈش




**زەينۇرە موسكۋا يېنىك مېتال تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدا بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر بىللەن بىللە خىزمەت ئىشلەۋاتقان كۆرۈنۈش**

2003-يىلىدىن باشلاپ زەينۇرە ئائىلە بويىچە ئامېرىكىدا ياشاۋاتىدۇ. زەينۇرە بۇرۇن ئۆگەنگەن چەت تىلى رۇسچە بولۇپ، ئۇ ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن ئىنگلىز تىلىنى نۆلدىن باشلاپ ئۆگىنىپ، قاتتىق تىرىشىش نەتىجىسىدە، بىر يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدىلا ئىنگلىزچە سەۋىيىسىنى بىر خېلى يۇقىرى دەرىجىگە ئۆستۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزى بۇرۇن ئۆگەنگەن ئازراق بىئولوگىيە ئاساسىغا تايىنىپ، ئامېرىكا تېكساس شتاتى هيۇستون شەھىرىگە جايلاشقان «بايلور مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى» (Baylor College of Medicine) قارمىقىدىكى تېكساس بالىلار دوختۇرخانىسى جىددىي كېسەللىكلەر بۆلۈمى (Critical Care Section of Pediatrics)

نىڭ بالىلار يېزۇرەك كېسەللى تەتقىقات تەجرىبىخانىسىغا خىزمەتكە كىردى. ئۇ ھازىرمۇ ئاشۇ ئورۇندا ئىشلەۋاتىدۇ. ھازىرغىچە مەيلى تىل جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلار بولسۇن، ياكى كەسىپ جەھەتتىكى قىيىن ئۆتكەللەر بولسۇن، سىڭلىمىز زەينۇرەنىڭ دادىللىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىنى، ئۆزىنىڭ بارلىق يوشۇرۇن قابىلىيەتلىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ياشاشتىن توسۇپ قالالمىدى. ئۇ دەسلەپتە مەزكۇر خىزمەتكە بىر «تېخنىك» (technician) بولۇپ كىرگەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ قاتتىق تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە كېيىنچە بىر «ياردەمچى تەتقىقاتچى» (Research Assistant) سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. گەپنى مۇشۇنداق قىلغاندا، بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەرگە زەينۇرەنىڭ ئەھۋالى ئانچە ئالاھىدە بولۇپ تۇيۇلماسلىقى مۇمكىن. ئەمما زەينۇرە ئامېرىكىغا كەلگەندە بىر بالىنىڭ ئانىسى، ۋە بىر ئەرنىڭ ئايالى ئىدى. ئۇ يۇقىرىقىدەك نەتىجىلەرگە بىر تەرەپتىن

بىر بالىغا ئانا ۋە بىر ناھايىتى ئالدىراش ئۆتىدىغان ئەرگە خوتۇن بولۇپ تۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇپ ۋە ئىشلەپ تۇرۇپ ئىرىشتى. گەرچە زەينۇرە ھازىرغىچە تېخى بىر رەسمىي ماگىستىرلىق ياكى دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ بولالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھازىر قىلىۋاتقان خىزمىتى كەم دېگەندە بىر ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بار كىشىدە بار بولىدىغان ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىسىنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ، زەينۇرە ھازىرقى خىزمەت ئورنىدا 10 يىلدىن ئارتۇق ئىشلەش ئارقىلىق ئۆزىدە ھازىرغىچە ئاشۇنداق خىزمەت تەجرىبىلىرىنى توپلاپ بولدى. شۇڭلاشقا ئۇ ھازىرقىدەك بىر يۇقىرى خىزمەت سالاھىيىتىگە ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانى بار كىشىلەرنىڭكىگە باراۋەر كېلىدىغان يۇقىرى مائاشقا ئېرىشەلىدى. زەينۇرە ھازىرغىچە داڭلىق خەلقئارالىق ئىلمىي-تەتقىقات ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان 2 پارچە ئىلمىي ماقالىدا 2-ئاپتور بولدى. ئاشۇ 2 پارچە ئىلمىي

ماقالىنىڭ ئىزدەش ئۇچۇرلىرى تۆۋەندىكى 2 پارچە رەسىمدە بېرىلدى:


HEPATOLOGY
Official Journal of the American Association for the Study of Liver Diseases

Liver Failure/Cirrhosis/Portal Hypertension

Hypertrophic cardiomyopathy and dysregulation of cardiac energetics in a mouse model of biliary fibrosis

Moreshwar S. Desai[1], Zainuer Shabier[1], Michael Taylor[2], Fong Lam[1], Sundararajah Thevananther[3], Astrid Kosters[3] and Saul J. Karpen[3,§,*]

Article first published online: 8 FEB 2010

DOI: 10.1002/hep.23585

Copyright © 2010 American Association for the Study of Liver Diseases


Issue

Hepatology

Volume 51, Issue 6, pages 2097–2107, June 2010

Additional Information (Show All)

How to Cite | Author Information | Publication History | Funding Information


Article

Gastroenterology

Cardiac Structural and Functional Alterations in Infants and Children With Biliary Atresia, Listed for Liver Transplantation

Moreshwar S. Desai, Shabier Zainuer, Curtis Kennedy, Debra Kearney, John Goss, Saul J. Karpen

Received: February 16, 2011; Accepted: June 29, 2011; Published Online: July 15, 2011

DOI: http://dx.doi.org/10.1053/j.gastro.2011.06.082

Previous Next

Background & Aims

Cirrhotic liver diseases are associated with abnormalities in cardiac geometry and function in adults (cirrhotic cardiomyopathy) but rarely explored in cirrhotic infants or children. We proposed that features of cirrhotic cardiomyopathy are present in infants with cirrhosis due to biliary atresia (BA) as early as the time of evaluation for liver transplant and will correlate with mortality and postoperative morbidity.

Methods

Two-dimensional echocardiography (2DE) of infants with BA (n = 40; median age, 8 months), listed for transplantation at the Texas

زەينۇرە ئۆزىنىڭ ئوغلىنىمۇ ناھايىتى ياخشى

تەربىيىلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى ھازىر ئامېرىكىدىكى داڭلىق مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولغان ئەنگلىزچە «Texas A&M University» دەپ ئاتىلىدىغان ئالىي مەكتەپنىڭ «جۇغراپىيە-فىزىكا ۋە ئۇچۇر تېخنولوگىيىسى» كەسپىدە باكلاۋۇرلۇقتا ئوقۇۋاتىدۇ. سىڭلىمىز زەينۇرە ھازىرقىدەك ياخشى خىزمەت شارائىتى بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى پسىخولوگىيە كەسپىدە يەنە ئۆرلەپ ئوقۇش جەھەتتە بەزى پىلانلارنى تۈزۈۋاتىدۇ.

سىڭلىمىز زەينۇرە بەزىدە ئۇيغۇرچە ماقالە يېزىش ئىشى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ «يېڭىلىق ۋە ئىنكاس» دېگەن بىر پارچە ماقالىسى يېقىندا «شىنجاڭ ياشلىرى ئىستۇدېنت» ژۇرنىلىنىڭ 2015-يىللىق 2-سانىغا بېسىلدى. تۆۋەندىكى 2-رەسىمدە بېرىلگىنى ئاشۇ ژۇرنالنىڭ مۇندەرىجىسى.


CONTENT

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ تايانچ بازىسى ......... 20

■ ئالبوم

خەلق شائىرىنىڭ ئۇنتۇلمىغان ھاياتى .... دىلمۇرات دىلشاد 24

■ مەن كۆرگەن مەكتەپلەر

ھىندىستان بىلەن ــ تېخنىكىسىدىكى سىرلار ....... 28

■ شەرەپ ساھىبلىرى

خەلقئارالىق مۇنبەرلەردە نۇرلانغان ھايات ..........

.......................... گەسەرجان ئەنۋەر ئالتۇنبەر 32

■ قەلب شىپاخانىسى

بېكىنىش ۋە ئىشكال ................. زەبنۇرە سابىر 36

مۇھەببەتنىڭ قىسقا قۇرلار ...... زۆھرەت مىجىت 38

■ ئىستۇدېنتلار ئېكرانى

دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەم ........................ 39

■ ئارزۇ ۋە مەكتەپ

ئارزۇيۇمدىكى ئالىي مەكتەپ .... ئابدۇسالام ساۋۇت 42

■ ئاسپىرانتلىق بارگاھلىرى

ئاسپىرانتلىق سوۋغىسى ........ خەيرىنىگۇل تۇرسۇن 46

■ قىزلار سالونى

ئىستۇدېنت قىز! ئېھتىيات قىلىڭ ............... 48

■ رەڭگارەڭ دۇنيا

ئون مىڭ ئالاھىدە ماشىنا ماڭۇاتات .... نۇرمەنگۇل تۇمۇر 53

■ ھېكمەت ئاچقان يازمىلار

ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر ............................ 56

■ سۆيگۈ

ساھىبجامال ئائىلاسىدا ... ئولىۋېر گولدسمىس (ئەنگلىيە) 59

■ ئىستۇدېنتلار ئەسەرلىرى

ئاسپىرانت قىز ........ مېھرىبان نىياز جۇغلۇق 60

يۈگۈرۈپ ئوقۇۋاتقان كىم ... ئابدۇقەييۇم ھېيى كۆكىيال 62

يامغۇر مېنىڭ سېغىنىشىمدۇر ... ئادىلجان ئابدۇرېھىم 62

ئېھتىمال بىر كۈنى ................ سائادەت ئەلى 62

ئۆچۈرۈلۈش ئۇنتۇلۇشنى بىرىدۇ دېرەك ..............

........................... مەلىكە مۇھەممەت بىلال 63

خىيال سىزۇقى .............ئەكرەمجان مەمتىمىن 63

قاقچىراش ......... نۇرسۇنجان نۇرمۇھ قىزا 63

■ كۆڭۈل جان ئوزۇقى

يۇمۇرلار ...................................... 64




# «شىنجاڭ ياشلىرى ئىستۇدېنت» ژۇرنىلى 2015-يىللىق 2-سانىنىڭ مۇندەرىجىسى

زەينــــۇرە مۇنـــــداق ئويلايـــــدۇ: «ئەگەر ئادەمـــــدە ئۆمــــد ۋە ئــۆزىگە نىســبەتەن ئىشــەنچ بــار بولســـلا، ئــۆز جاســـارىتىنى يوقىتـــىپ قويمـــاي، يىقىلغانـــدا ئورنـــىدىن يەنە تـــــك تـــۇرۇپ، داۋاملـــىق ئالغـــا قـــاراپ ماڭســـلا، ئــۆزى يولۇققـــان ھەر قانـــداق قىيـــىنچىلىقلار ئۈســـتىدىن

غالىب كېلەلەيدۇ.»



سىڭلىمىز زەينۇرە ئوغلى كامران ۋە ئېرى ئابدۇغېنى بىلەن بىللە. بۇ رەسىم 2013-يىلى ئامېرىكا تېكساس شتاتى ھيۇستون شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى يىللىق يىغىلىشىدا تارتىلغان



سىگلىمىز زەينۇرە ئېرى ئابدۇغېنى بىلەن بىللە. بۇ رەسىم 2014-يىلى ئامېرىكا تېكساس شتاتى ھيۇستون شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز بايرىمى يىغىلىشىدا تارتىلغان



سىگلىمىز زەينۇرە بىلىمخۇمار بىلەن بىللە. بۇ رەسىم 2014-يىلى 6-ئايدا تارتىلغان

سىگلىمىز زەينۇرەنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر

يېقىندا «ئابلىمىت» دېگەن بىر ئورتاق فامىلە ئىسمى ئىشلىتىشنى باشلىغان بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ سىڭلىمىزنىڭ ئىسمى «زەينۇرە ئابلىمىت» دەپ يېزىلىدۇ.

زەينۇرە سابىر ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تىزىملىكى (ئىنگلىزچە):

Journals:

[1] Moreshwar S. Desai, Shabier Zainuer, Curtis Kennedy, Debra Kearney, John Goss, and Saul J. Karpencorrespondenceemail, "Cardiac Structural and Functional Alterations in Infants and Children With Biliary Atresia, Listed for Liver Transplantation", Gastroenterology, Vol. 141,pp. 1264-1272, Oct. 2011.

[2] Moreshwar S. Desai1,

Zainuer Shabier, Michael Taylor, Fong Lam, Sundararajah Thevananther, Astrid Kosters and Saul J. Karpen, "Hypertrophic cardiomyopathy and dysregulation of cardiac energetics in a mouse model of biliary fibrosis", Hepatology, Vol. 51, June 2010.

[3] Moreshwar Desai MD; Zainuer Shabier and Saul Karpen MD PhD. "Cardiac structural and functional alterations in infants and children with biliary atresia listed for liver transplantation" Gastroenterology (2011). July 14.

[4] Moreshwar Desai MD; Zainuer Shabier; Michael Taylor MD,PhD; Fong Lam MD; Astrid

Kosters and Saul Karpen MD PhD. Hypertrophic cardiomyopathy and dysregulation of cardiac energetics in a mouse model of biliary fibrosis. Hepatology. (2010) vol. 51 (6) pp. 2097-107.

[5] Chen M, Huang L, Shabier Z, Wang J.Regulation of the lifespan in dendritic cell subsets. Mol Immunol. 2007, 44(10):2558-65.

[6] Chen M,. Guerrero A, Huang L, Shabier Z, Pan M, Tan T, and Wang J. Caspase-9-induced mitochondrial disruption through cleavage of anti-apoptotic BCL-2 family members. J. Biol .Chem. 2007, 282(46) 33888-33895.

Conference Presentations:

[7] Moreshwar S. Desai MD; Zainuer Shabier ; Michael Taylor MD, PhD; Saul J Karpen MD, PhD. Prevalance of cardiomyopathy in infants with biliary atresia awaiting transplantation. The Liver meeting 61st Annual Meeting of the American Association for the Study of Liver Diseases October 29-November 2, 2010, Oral Presentation.

[8] Moreshwar Desai MD; Zainuer Shabier; Michael Taylor MD, PhD;Astrid Kosters and Saul Karpen MD PhD Characterization of functional and molecular alterations in hearts of mice with biliary

cirrhosis. Frontiers in Digestive Diseases, February 12, 2009, Poster Presentation.

[9] Moreshwar Desai MD; Zainuer Shabier; Michael Taylor MD, PhD; Astrid Kosters and Saul Karpen MD PhD. Functional and molecular alterations in cardiac physiology in mice with biliary cirrhosis.The Liver meeting Octeber29 November 2, 2009, Poster Presentaiton.

[10] Moreshwar S. Desai MD; Zainuer Shabier ; Michael Taylor MD, PhD; Saul J Karpen MD, PhD Children with biliary atresia have cirrhotic cardiomyopathy. SCCM's 39th Critical Care Congress, January

9-12, 2009, Poster Presentation.

## يىپەك يولىدىكى كارۋان - رەسسام مارۋايىت ھاپىز




مارۋايىت ھاپىز ياۋۇروپادا ئاچقان بىر كۆرگەزمىنىڭ زالىدا سىڭلىمىز مارۋايىت ھاپىز ۋەتەنىنىڭ شەرقىي دىيارى قۇمۇل ئاستانا كەنتىدە بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئېسىنى بىلگەندە، ئۇلارنىڭ ئۆيى ئاسمان بىلەن يەر تۇتاشقان ئۇپۇق سىزىقى كۆرۈنىدىغان، 5 ئائىلىلىك ئولتۇراقلاشقان چەت ۋە بىر ئويمانلىقتا ئىكەن. ئۇنىڭ دادىسى

ھاپىز ئاسىپ قارىي ناخشا ئېيتىش، مۇزىكا چېلىشقا بەكمۇ ھەۋەس قىلاتتى. ئۆيدە دۇتار، تەمبۇر، غىجەك، داپ قاتارلىق ئۇيغۇرچە مۇزىكا چالغۇ ئەسۋابلىرى بار ئىدى. دادىسى بوش ۋاقىتلىرىدا توختىماي مۇزىكا چالاتتى ۋە ناخشا ئېيتاتتى. بەزىدە دادىسى مۇزىكا چېلىپ ناخشا ئېيتسا، مارۋايىتنىڭ ئۆيىدىكى ھەممەيلەن ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، ئۆيدە مەشرەپ بولۇپ كېتەتتى. قىش كۈنلىرى دادىسى دائىم ئۆيدە بولمايتتى. چۈنكى قۇمۇلدا قىش كۈنلىرىدە ئۆي-ئۆيلەردە ئۆچىرەت بىلەن قۇمۇل كۆك مەشرەپلىرى ئەۋج ئېلىپ كېتەتتى. كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە مارۋايىتنىڭ دادىسى بولمىغان مەشرەپ قىزىمايدىكەن.

مارۋايىتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بىر بەكمۇ گۈزەل ۋە مول مېۋىلىك بېغى بار ئىدى. دادىسى تەبىئەتنى ۋە گۈزەللىكنى ناھايىتى سۆيىدىغان بىر ئادەم بولۇپ، باغۋەنچىلىككە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ باھاردىن باشلاپلا پۈتۈن بوش

ۋاقىتلىرىنى مېۋىلىك بېغىدا ئۆتكۈزەتتى. ئۇ تولىمۇ ئاقكۆڭۈل، مېھرىبان، مېھماندوست، خۇش چاقچاق ئادەم بولغاچقا، ياز كۈنلىرى مارۋايىتنىڭ هويلىسىدىن مېھمانلار ئۈزۈلمەيتتى. دادىسىنىڭ دوستلىرى يىراق-يىراق جايلاردىن ئاللاھىدە كېلىپ، دادىسى ئۆستۈرگەن مېۋىلەرنى يەپ كېتەتتى. مارۋايىتنىڭ چوڭ بولغاندا باشقىلاردىن ئاڭلىشىچە، ئۇ چاغلاردا ئۇ تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئاستانە كەنتىدە ئۇنىداق گۈزەل ۋە مېۋىلىرى مول بولغان باغ ناھايىتى ئاز ئىكەندۇق. مارۋايىتنىڭ ياز كۈنلىرىمۇ باغدىن مېۋە توشۇش بىلەن ئالدىراش، ئەمما ناھايىتمۇ خۇشال ۋە كۆڭۈللۈك ئۆتەتتى. ئەپسۇسكى مارۋايىتقا ئەڭ تەسىر قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان ئىش، مارۋايىت 1977-يىللىرى بىر يازلىق تەتىلدە ئۇرۇمچىدىن ئۆيىگە تەتىل قىلىپ كەلگىنىدە، ئۇلارنىڭ بېغىنىڭ بىر قانچە تۈپلا مېۋىلىك دەرىخى قاپتۇ. مارۋايىت بۇ ئەھۋالدىن شۇنچىلىك ئازابلانىدىكى، ھازىرمۇ شۇ

چاغدىكى ئىشنى ئويلىسا مارۋايىتنىڭ ئىچى ئېچىشىدۇ. دادىسى ناھايىتى چوڭقۇر ئۇف تارتىپ تۇرۇپ، ھەسرەت بىلەن مارۋايىتقا: «كەنت مەسئۇللىرى مېنى كاپىتالىزم يولىغا ماڭدىڭ، بۇرژۇئازىيىچە ھايات كەچۈرۈشكە ئۇرۇندۇڭ، قانۇنسىز باغۋەنچىلىك قىلدىڭ، دېگەن قالپاقلار بىلەن مېنى ئەيىبلەپ، بۇ باغنىڭ مېۋىلىك دەرەخلىرىنى كېسىۋەتتى قىزىم» دېگەن ھەسرەتلىك ھالىتى مارۋايىتنىڭ ئېسىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ئەسلىمىلەر مارۋايىتنى ھازىرمۇ چوڭقۇر ئازابلارغا باشلاپ كېتىدۇ.



تەكلىماكان قىزى، ماي بوياق، x 100 120،

# 2011-يىلى گېرمانىيە

مارۋايىتتىنىڭ ئاپىسى بولسا قولى تولىمۇ ئۇز ئايال بولۇپ، توختىماي قۇمۇل كەشتىسى، يەنى دوپپا، ياستۇق بېشى قاتارلىق بەكمۇ چىرايلىق گۈزەل نەقىشلەرنى سىزىپ ئويۇپ كەشتە تىكەتتى. ئاپىسىنىڭ كەشتىگە ئىشلەتكەن يۇمران رەڭگارەڭ رەڭلىك يىپەك يىپلىرى مارۋايىتتىنىڭ يۈرەكلىرىنى تىترىتىۋېتەتتى. مارۋايىتنى ئاجايىپ تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز گۈزەل بىر تۇيغۇغا باشلايتتى. مارۋايىتمۇ ئاپىسىنى دوراپ، تاملارغا، يەرلەرگە، قەغەزلەرگە توختىماي رەسىم سىزاتتى. تور توقۇيتتى. نەپىس ئىشلارغا بەكلا ھەۋەس قىلاتتى. ئاپىسى ئۇنىڭ ھەۋىسىدىن بەكمۇ سۆيۈنەتتى ۋە قوللايتتى.

ئەگەر ھەر قانداق بىر ئادەم مارۋايىتتىن «سىزنىڭ بىر رەسسام بولۇشىڭىزغا نېمە سەۋەب بولدى؟» دەپ سورىسا، مارۋايىت قىلچە

ئىككىلەنمەستىن، شۇنداق دەپ كەسكىن جاۋاب بېرىدۇ: «مېنىڭ بىر رەسسام بولۇشۇمغا مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن زېمىن، مەن ياشىغان مۇھىت، شۇنداقلا ئانامنىڭ يۇمران، گۈزەل، ۋە ھەر خىل رەڭلىك يىپەك يىپلىرى ۋۇجۇدۇمغا سىڭگەن تۇرۇقلىرىنى سالدى».



«بازار 3»، ماي بوياق، 40 x 40، 2012-يىلى گېرمانىيە

مارۋايىت 1976-يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا تولۇقسىز ئىككىنچى يىللىقىدا شىنجاڭ

سەنئەت مەكتىپىنىڭ رەسساملىق كەسپى ئىمتىھانىدىن پەۋقۇلئاددە تاللانغان ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە تاللىنىپ ئوقۇشقا كىردى. 1979-يىلى غەربىي-شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى (لەنجۇ) گۈزەل-سەنئەت ئىنستىتۇتىغا مەخسۇس ماي بوياق كەسپى ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ قوبۇل قىلىندى. 1983-يىلى مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ گۈزەل-سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى. 1991-يىلى دوتسېنتلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئىشلەش جەريانىدا ئۇ ئۆزلۈكسىز ھالدا دۇنيا رەسساملىقىنىڭ ھەر خىل ئېقىملىرى ۋە ھەر خىل ئىلغار رەسساملارنىڭ رەسىملىرىنى تەتقىق قىلىش، ئۇلاردىن ئىلھام ئېلىپ، ئۆزىگە خاس بولغان بىر ئىجادىي روھ ۋە ئىجادىي پىكىر يارىتىش ئۈچۈن، شۇنداقلا ھەقىقىي ئۆزىگە خاس بولغان بىر رەسىم سىزىش ئىستىلى يارىتىش ئۈچۈن، چوڭقۇر ئىزدەندى. شۇ جەرياندا ئۇ «مېنىڭ بۆشۈكۈم»، «ھاپىزلار»، «قۇياش ۋە

ئىنسان»، «مەن پەقەت مەن»، «ياشانغان بىر جۈپ» قاتارلىق ئىجادىي ئەسەرلىرىنى سىزدى. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى ئارقىمۇ-ئارقا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كۆپلىگەن كۆرگەزمىلەرگە قويۇلۇپ، رەسساملار ساھەسىدە چوڭ غۇلغۇلا قوزغاشقا باشلىدى. مارۋايىت نۇرغۇنلىغان گېزىت-ژۇرناللاردا مەخسۇس بەتلەر ئاجرىتىلىپ تونۇشتۇرۇلدى.

1992-يىلى قازاقىستان ئالماتا دۆلەتلىك سەنئەت مۇزېيخانىسىدا ئۆزىنىڭ مەخسۇس كۆرگەزمىسىنى ئاچتى. 1994-يىلى جۇڭگو مەخسۇس ماي بوياق رەسىم كۆرگەزمىسىگە قويۇلغان «يالقۇنتاغ ئېتىكىدە» ناملىق ماي بوياق رەسىمى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تاللىشى بىلەن، بېيجىڭدىكى جۇڭگو سەنئەت سارىيىدا كۆرگەزمىگە قويۇلدى، ۋە مەخسۇس ئىشلەنگەن توپلامغا كىرگۈزۈلدى.



2013-يىلى گېرمانىيە دۆلەتلىك رەسساملار جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ھەر يىلى بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا. سىڭلىم مارۋايىت «مەنىڭ ھويلام» ناملىق ئۆز ئەسىرى ئالدىدا

1994-يىلى مارۋايىتنىڭ نەتىجىلىرى جۇڭگو مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن مەخسۇس فىلىم قىلىپ ئىشلەپ تونۇشتۇرۇلدى.

1995-يىلى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى خەلقئارا خەنزۇ بۆلۈمىدە ئۇنىڭ نەتىجىلىرى توغرۇلۇق مەخسۇس فىلىم ئىشلەپ تونۇشتۇرۇلدى. شۇ يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت يۇرتىدا مارۋايىت ئۈچۈن مەخسۇس كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ رەسىملىرىنى قۇمۇل دىيارىغا تونۇشتۇرۇلدى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ كەسپىي نەتىجىلىرى كەسپىي ساھەدە ۋە جەمئىيەتتە چوڭ تەسىر قوزغاشقا باشلىدى. شۇنداق بولغان بولسىمۇ، مارۋايىت يەنىلا بۇ كەسپكە بولغان چەكسىز سۆيگۈ ۋە ئىشتىياقى، شۇنداقلا تېخىمۇ يۇكسىلىش ئارزۇسى بىلەن، ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان رەسساملار تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە دۇنياغا مەشھۇر رەسساملارنىڭ ئەسەرلىرى ساقلانغان سەنئەت خەزىنىسى بولغان ياۋروپاغا كېلىپ، ئۆزىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارزۇسى بىلەن، 1996-يىلى ياۋروپانىڭ مەركىزى بولغان گېرمانىيەگە كەلدى.



«ئۆيىگە قايتىش»، ماي بوياق، 140 100 x،
2013-يىلى ئىستانبۇل

مارۋايىت گېرمانىيەگە كەلگەندىن كېيىن، بىرەر كۆرگەزمە ئېچىشتىن بۇرۇن، ئۆزىنىڭ دۇنيادا ئۇنتۇلغان بىر مىللەتنىڭ سەنئەتكارى بولۇش سۈپىتى بىلەن، قانداق قىلىپ بىر ئاسانراق يول بىلەن ئۆزىنىڭ بىر ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى، ۋە سەنئەتكارغا خاس ئىجادىي روھىنى گېرمان جەمئىيىتىگە بىلدۈرەلەيدىغانلىقى ھەققىدە كۆپ باش قاتۇردى. ئەڭ ئاخىرى بۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق كۆرگەزمىلىرىنىڭ باش تېمىسىنى «يىپەك

يولـــدىكى كـــارۋان» دېـــگەن ســـۆز بـــىلەن باشـــلاش قارارىغا كەلدى.

مارۋايـــــــت 2000-يىلـــــــى مىيۇنخېنـــــــدىكى گېرمـــــانىيە دۆلەتلىـــــك پسـىـــخولوگىيە بىناســـــىدا ئۇيغۇرلارنىـــڭ هايـــاتى مەزمـــۇن قىلىنغـــان 45 پـــارچە مـــاي بويـــاق رەســـمى بىـــلەن بىرىنچـــى قېتىملىـــق كۆرگەزمىســـىنى ئـــاچتى. ئويلىمىغـــان يەردىـــن ئۇنىـــڭ رەســـىملىرى ياۋروپالىقلارنىـــڭ يـــۇقىرى باهاســـىغا ئېرىشـــىپ، ئـــۇ بىـــر ناهـــايىتى نەتىجىلىـــك كـــۆرگەزمە بولـــدى. مارۋايـــت بـــۇ ئـــارقىلىق ئـــۆزىگە ۋە كەســـپىگە نىســـبەتەن يېڭىـــدىن كۈچلـــۈك ئىشـــەنچكە ئېرىشـــتى. بولۇپمـــۇ شـــۇ قېتىملىـــق كـــۆرگەزمە مارۋايىتنىـــــڭ ئۇيغـــۇرلار هايـــاتى مەزمـــۇن قىلىنغـــان رەســـىملەرنى داۋاملىق سىزىشىغا بىر مۇھىم تۈرتكە بولدى.

مارۋايـــــــت ســـــــەنئەت دۇنياســـــــىدىكى ئەۋزەللىكلـــــەرگە چوڭقـــــۇر ئەهمىـــــيەت بەرگەن ئاساســـتا، توختاۋســـىز هالـــدا رەســـىملىرىنىڭ بەدىئىيلىـــك قىممىتىنـــى تېخىمـــۇ يۇكســـەلدۈرۈش ئۈســـتىدە چوڭقـــۇر

ئىزدەندى. نۇرغۇن رەسساملار ۋە رەسىم مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ مەسلىھەتلىرى ۋە ياردەم قىلىپ يول كۆرسىتىشى ئارقىلىق، گېرمانىيەنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىدە ئارقا-ئارقىدىن ئۆزىنىڭ مەخسۇس كۆرگەزمىلىرىنى ئاچتى. شۇنداقلا مارۋايىتنىڭ سەنئەت نەتىجىلىرى ۋە كۆرگەزمىلىرى گېرمانىيەنىڭ مۇھىم مەتبۇئاتلىرىدا نۇرغۇن قېتىم خەۋەر قىلىندى ۋە تونۇشتۇرۇلدى.



2009-يىلى سىڭلىمىز مارۋايىت ئامېرىكىنىڭ سان فرانسىسكو شەھىرىگە كېلىپ، شۇ يەردە ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىش

## پائالىيىتىدە ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇپ بەردى، ھەمدە يىغىنغا كەلگەن مېھمانلارغا بىر رەسىم كۆرگەزمىسى ئېچىپ بەردى

ۋەتەندىن 15 مىڭ كىلومېتىر يىراقتىكى جايلاشقان ياۋروپادا ياشاپ، ۋەتەندىكى بولغان سېغىنىش ھىجران ئازابى مارۋايىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىنى مەزمۇن قىلغان ئەسەرلەرنى يارىتىش ھېسسىياتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. ئۇ 2003-يىلى ۋەتەنگە بېرىش رەسمىيەتلىرىنى تولۇق بېجىرىپ بولالماس سەۋەبتىن، ئاتا- ئانا ۋە ئۇرۇق- تۇغقانلارنى سېغىنىش، ۋەتەن ھىجران ئازابى بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى دۇنيادا بىر ئالاھىدە ساياھەتنى باشلىدى. ئۇ يىلنى مارۋايىت ئىجادىي پىكرىنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەن دەۋرى دەپ ئويلايدۇ. شۇنداق: ئۇ روھىي كارۋانلىرى بىلەن ساياھەتنى تەكلىماكاندىن باشلىدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇ يۇكسەك ھېسسىيات ۋە چوڭقۇر پىكىرگە

ئــــگە بولغــان، شــۇنداقلا يۇكســەك بەدىئىــي قىممەتــكە ئــــگە بولغــان 8 پــارچە مــاي بويــاق ئەســىرىنى بارلىققــا كەلتــــۈردى. «تەكلىمــاكــــان»، «كــــارۋان»، «قىزىـــــل تــــاغ»، «بــــازار»، «باهــــار»، «ســــاتىراش»، «قىزىـــــل چــــاي»، ۋە «قەدىمــــي كوچــــا» قاتــــارلىقلار. ئىجــــادىي تەپەككــــۇر ۋە ئىلهــــامنى شــــەكىل ۋە بويــــاق بىــــلەن ئىپــــادىلەپ بولالمىغــــان كەيپىيــــاتى تۆۋەنــــدىكى مىسرالار بىلەن ئارام تاپتى:

## كارۋان

مەن بىر سارايىسىز كارۋانمەن،

قار يامغۇرلۇق تاغۇ دەريالاردا ۋەيرانىمەن.

چۆل-جەزىرىلەردە سەرسانمەن،

خەلقىم ئىشقىدا مەستانىمەن.

قەدىمىي كوچىلاردا بىز قېنى دەپ،

شۇ هارابىلىقلاردىكى روهانىمەن.

روھانىمەن، روھانىمەن،

روھۇم كەبى ۋەتەن ھىجرانىدا لەيلانىمەن.

2003- يىلى 8-ئاينىڭ 23-كۈنى، گېرمانىيە



«ئېزىتقۇ»، ماي بوياق، 60 50 x، 2014- يىلى گېرمانىيە

2005-يىلىدىن باشلاپ گېرمان زامانداش رەسساملار جەمئىيىتى تەرىپىدىن ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ كۆرگەزمىگە مارۋايىتنىڭ «قۇياش ۋە ئىنسان» ناملىق ئەسىرى تاللىنىپ،

ميۇنخېندىكى چوڭ سەنئەت سارىيىدا كۆرگەزمىگە قويۇلۇپ، رەسساملار، مۇتەخەسسىسلەر ۋە رەسسام ھەۋەسكارلىرىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ مارۋايىتىنىڭ ئەسەرلىرى ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ كۆرگەزمىگە تاللىنىپ، كۆرگەزمىگە قويۇلماقتا، شۇنداقلا ئۇنىڭ رەسىملىرى ھەر يىلى بىر قېتىم چىقىرىلىدىغان «رەسىم توپلىمى» غا كىرگۈزۈلۈپ كېلىۋاتماقتا.


2013- ۋە 2014-يىلى گېرمان دۆلەتلىك رەسساملار جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان چوڭ كۆرگەزمىگە مارۋايىتىنىڭ رەسىملىرى تاللىنىپ، كۆرگەزمىگە قويۇلدى. ھازىر ئۇ گېرمانىيە ميۇنخېن زاماناۋىداش رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ۋە گېرمانىيە دۆلەتلىك رەسساملار جەمئىيىتىنىڭمۇ ئەزاسى.



«قەدىمى هويلا»، ماي بوياق، 120 100 x،
20014-يىلى گېرمانىيە

2010-يىلى خەلقئارالىق تۈركىي مىللەتلەر رەسساملىرى (TÜRKSOY) جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن، مارۋايىت ئىستانبۇلدا 18 تۈركىي مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان رەسساملار بىلەن بىللە رەسىم سىزدى، ۋە ئۇ رەسىملىرىمۇ ئىستانبۇل ئارخېئولوگ مۇزېيىخانىسىدا كۆرگەزمىگە قويۇلدى. مارۋايىتنىڭ «قەشقەر» ناملىق ئەسىرى «يىپەك يولى شائىرلىرى» توپلىمىنىڭ مۇقاۋىسى ئۈچۈن

ئىشلىتىلدى. 2013-يىلى خەلقئارا سەنئەت كولونىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن، مارۋايىت ئىستانبۇلدا سىزغان «ئۆيىگە قايتىش» ناملىق ماي بوياق رەسىم تۈركىيە خەلقئارا سەنئەت كولونىسى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئەنقەرە «PORT ART» سەنئەت سارىيىدا كۆرگەزمىگە قويۇلدى. ئۇ رەسىمى يەنە بىر قېتىم مۇتەخەسسلەرنىڭ تاللىشى بىلەن 2014-يىلى ئىستانبۇل مۇستاپا كامال مەدەنىيەت مەركىزى كۆرگەزمە زالىدا كۆرگەزمىگە قويۇلدى، ۋە شۇ كۆرگەزمە ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلەنگەن «رەسىم توپلىمى» غا كىرگۈزۈلدى.



«قەدىمىي ھويلا»، ماي بوياق، 72 65 x،

2014-گېرمانىيە

يــــــراق قــــــرلاردا تــــــۇرۇپ ۋەتەنــــگە بولغــــان سېغىنىش ھىجرانــــى، شــۇنداقلا ئـــۆز مەدەنىيــــتىگە بولغـــان چەكســـز ھـــۆرمەت ۋە ئىپتىخـــارلىق تۇيغۇســـى، ھەمـــدە ئـــۆز يۇرتىغـــا بولغـــان ســـۆيگۈ ۋە مـــۇھەببىتى، مارۋايىتنىـــڭ ئـــۆز رەســـىملىرىدە ئۇيغـــۇرلار ھايـــاتىنى، ۋەتەنىنـــڭ تـــاغۇ-دەريـــالىرى، قەدىمـــي كـــوچىلىرى، ۋە ئەنئەنـــۋى مەدەنىيتىنـــى ئىپادىلىشـــىگە تېخىمـــۇ زور تـــۈرتكە بولغۇســـى. مارۋايـــت 2009-يىلـــى تۇرپـــان تۈيۈقتـــا چۈشـــكىنىدە شـــۇ تۇيغـــۇ ئۇنـــڭ ۋۇجـــۇدى ۋە قەلبىـــدە ئـــاتەش كەبـــى يالقۇنجايـــدىغانلىقىنى تېخىمـــۇ چوڭقـــۇر ھـــېس قىلـــدى. ئۇيغـــۇرلار مەدەنىيتىنـــى، ئـــۇ زېمىننـــى چوڭقـــۇر ۋە چەكســـز ســـۆيدىغانلىقى يەنە بـــر قېـــتم ئىســـپاتلاندى. شـــۇ قەدىمـــي تاملارغـــا ســـەنئەتكار، بـــر پـــارچە كېســـەك بولـــۇپ قـــاتۇرۇلۇپ كەتكۈســـى كەلـــدى. مارۋايـــت 2011-يىلىـــدىكى گېرمـــــانىيە پســـــــخولوگىيە ئاكادېمىيســـــــــدە

ئۆتكۈزۈلگەن شەخسىي كۆرگەزمىسىنىڭ تەكلىپنامە ۋارىقى ئۈستىگە تۆۋەندىكى سۆزلەرنى گېرمان تىلى بىلەن يازدى:

ۋەتەندىكى شۇ قەدىمىي تاملارغا بىر پارچە كېسەك بولۇپ قوپۇرۇلۇپ كەتكۈم كېلىدۇ ...

چۈنكى، بۇ مارۋايىتنىڭ ئىجادىي روھى. شۇ قېتىم مارۋايىت ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھاياتى، قەدىمىي كوچىلار ۋە ئۆيلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن 52 پارچە ماي بوياق رەسىمى بىلەن ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر كۆرگەزمە ئاچتى.



«قەدىمىي كوچا»، ماي بوياق، 80 60 x، 2014-يىلى گېرمانىيە

مارۋايىتنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجادىي روھىنى، ئىجادىيەت ئىدىيىلىرى ۋە ھېسسىياتلىرىنى ھېچ قانداق ئىككىلەنمەي تۇرۇپ مۇنداق دەپ خۇلاسىلەيدۇ: سەنئەت - روھ، سۆيگۈ ۋە ھىجران.

سانسىزلىغان دۇنيا رەسىم ھەۋەسكارلىرى مارۋايىتتىن ھەيرانلىق ئىچىدە: «سىز ۋەتەندىن ئايرىلغىلى شۇنچە ئۇزۇن يىل بولسىمۇ، ئەسەرلىرىڭىز سىز ئۇلارنى خۇددى شۇ زېمىندا

تۇرۇپ سىزغاندەك تۇيغۇ بېرىدىكەن. ئۇنىڭدىكى تۇرمۇش پۇرىقى شۇنچە كۈچلۈك ئىكەن. بۇ ئىلھاملارنى سىز نەدىن ئالسىز؟» دەپ سورايدۇ. مارۋايىت ئۇ سوئاللارغا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: «مەن ئىلھامنىڭ نەدىن، قانداق ۋاقىتتا، قانداق مۇھىتتا، قانداق ۋەزىيەتتە، قانداق ئەھۋالدا، ۋە قانداق كەيپىياتتا كېلىدىغانلىقىغا ھېچ قانداق بىر ئىجادكار ئېنىق ۋە كەسكىن جاۋاب بېرەلمەيدۇ، دەپ قارايمەن. بىز ‹ئىلھامىم بار، ئىلھامىم يوق›، دېگەندەك ئاددىي جۈملىلەر بىلەن ئاتايمىز. مەن ئىلھامىمنى ۋەتەن ھىجرانى، ۋەتەن سۆيگۈسى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ روھىدىن ئالىمەن دېسەم، بەزىدە ئىلھامنى ‹تەپەككۇرنىڭ جەۋھىرى›، دەيمەن. يەنە بەزىدە مەن ئىلھامنى ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەت دۇنياسىغا ئاتا قىلغان ئەقىل-پاراسىتى ۋە تۇيغۇ-جەۋھەرلىرىنىڭ ساداسى دەپ قارايمەن.»

مارۋايىت مۇنداق دەيدۇ: «ۋەتەن ھىجرانىدا قىلغان سۆزلىرىم ۋە سىزغان ئەسەرلىرىمنى

ۋەتەنننىڭ تاشلىرىغا ئابىدە قىلىپ ئويۇۋەتكۈم كېلىدۇ.»



ئۈستۈنكى رەسىم سولدىن ئوڭغا: سولدىن ئۇنغا تونۇلغان تۈرك رەسسام، 2-خانىم ئىتالىيەلىك، 3-خانىم ئەنگلىيىلىك، ئوتتۇردىكىسى سىڭلىم مارۋايىت، بەشىنچىسى تۈرك رەسسام، ۋە شۇ پائالىيەتنىڭ مەسئۇلى دەنىجان ئۆزەر( Denizhan Özer ) ئەپەندىلەر.

2013-يىلى 6-ئايدا تۈركىيە خەلقئارا سەنئەت كولونىسى ئورۇنلاشتۇرغان پائالىيەت، ئىستانبۇل ساپانچا كۆلىدە. تۆۋەندىكى رەسىم ئوڭدىن سولغا:


# يۇگوسلاۋىيەلىك داڭلىق رەسسام Stoyan Milano ۋە ئەنگلىيەلىك رەسساملار بىلەن ساپانچا (Spanca) كۆلىدە

مەن سىڭلىمىز مارۋايىت بىلەن تۈركىيە ۋە ئامېرىكىدا بىر قېتىمدىن بىللە بولۇپ، ئۇ سىزغان ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى كۆردۈم. مارۋايىت ئۆزى سىزغان بىر قانچە پارچە رەسىمنى ماڭا سوۋغات قىلىشتەك شەرەپكىمۇ ئېرىشتىم. گەرچە مېنىڭ رەسساملىق ئىلمىدىن خەۋىرىم بولمىسىمۇ، ئۆزۈمنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە ئۇ سىزغان رەسىملەردىن ئىنتايىن تەسىرلەندىم. مەن سىڭلىمىز مارۋايىتنىڭ خەلقئارالىق رەسسامچىلىق سەھنىسىدە بىر ئۇيغۇر رەسسامى بولۇپ ، ئۆزىنىڭ چامىسى يەتكەن دائىرە ئىچىدە دۇنيا خەلقىنى «ئۇيغۇر» دەپ بىر مىللەتنىڭ بارلىقىدىن، ھەمدە بۇ مىللەتنىڭ مارۋايىتتەك تالانتلىق كىشىلىرىمۇ بارلىقىدىن

خەۋەرلەنــــدۈرۈۋاتقانلىقىغا چـــــن كۆڭلۈمــــدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.



«قەدىمي مەھەللە»، ماي بوياق، 40 50 x، 2014 ـ گېرمانىيە




«قەدىمي كوچا II»، ماي بوياق، 72 65 x، 2014

## گېرمانىيە



«تار كوچا»، ماي بوياق، 75 x 60، 2013-يىلى

## گېرمانىيە



«قىزىل چاي»، ماي بوياق، 40 x 40، 2003- يىلى گېرمانىيە



«بازار II»، ماي بوياق، 70 x 60، 2015-يىلى گېرمانىيە



«بازار III»، ماي بوياق، 80 x 100، 2015-يىلى

گېرمانىيە



«ئەپيۇن گۈلى»، ماي بوياق، 80 x 60، 2012-يىلى

گېرمانىيە



ئۆستۈنكى رەسىمدە سىڭلىمىز مارۋايىت 2009-يىلى
مۇنچەن زامانداش رەسساملا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى
Oberlande ئەپەندىم، سەنئەتكارلانى قوللاش ۋە
قوغداش جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى Ulrike Amend
خانىملار بىلەن بىللە. ئاستىنقى رەسىمدە مارۋايىت
مۇنچەندىكى سەنئەت سارىيىدىكى كۆرگەزمىدە ئۆز
ئەسىرى ئالدىدا



**2014-يىلىدىكى سچلوسس بلۇتېنبۇرگ مەدەنىيەت مەركىزىدىكى كۆرگەزمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدىن بىر كۆرۈنۈش**



سولدىن ئوڭغا: مارۋايىت، تاشمەمەت ۋە بىلىمخۇمار ئىستانبۇلدا. 2010-يىلى 8-ئاينىڭ 28-كۈنى




سىڭلىمىز مارۋايىت ھاپىز. 2014-يىلى بېرلىن، دالەم مۇزېيخانىسى





2011-يىلىدى گېرمانىيە دۆلەتلىك پسىخولوگىيە
ئاكادېمى بىناسىدىكى كۆرگەزمىنىڭ ئېچىلىش
مۇراسىمىدىن كۆرۈنۈشلەر. ئاستىنقى رەسىم ئوڭدىن
سولغا 1-كىشى ئاتاقلىق گېرمان رەسسام، زاماندىش
رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ بۇرۇنقى رەئىسى
Kneutinger ئەپەندى. 2-كىشى ئۇنىڭ خانىمى ۋە

# مارۋايىتنىڭ سەنئەتكار دوستلىرى



«قۇياش ۋە ئىنسان»، ماي بوياق، 100 80 x،
1993-يىلى ئۈرۈمچى



«يامغۇر» ماي بوياق،  45 55 x، 2013-يىلى گېرمانىي



«يامغۇرلۇق» ماي بوياق، 2013-يىلى گېرمانىيە

ئاپتور(بىلىمخۇمار)دىن:

رومان يازغۇچى ھـ. گ. ۋېللىس ( H. G. Wells) مۇنداق دەپ قارايدۇ: بايلىق، ئاتاق، خىزمەت ئورنى ۋە ھوقۇق قاتارلىقلار ھەرگىزمۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئۆلچىمى بولالمايدۇ. مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ھەقىقىي ئۆلچىمى بىزنىڭ ئەسلىدە قانداق بىر ئادەم بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن ئىكەنلىكى بىلەن بىزنىڭ ئەمەلىيەتتە قانداق بىر ئادەم بولۇپ چىققانلىقىمىزنىڭ نىسبىتىدىن ئىبارەت. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، بىزنىڭ ئۆزىمىزدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرالىغانلىقىمىز بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كىشىلەر بىزدىكى يوشۇرۇن كۈچ خۇدانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان سوۋغىتى بولۇپ، بىزنىڭ ئاشۇ يوشۇرۇن كۈچلىرىمىز بىلەن قانداق ئىشلارنى قىلالىغانلىقىمىز بىزنىڭ خۇداغا قىلغان

سوۋغىنىقتىمىز بولىدۇ، دەيدۇ. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىزدىكى يوشۇرۇن كۈچ بىزدىكى ئەڭ زور، تېخىچە ئېچىلمىغان بايلىق بولۇشى مۇمكىن. ئامېرىكىدىكى بىر داڭلىق ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى خېنرى فورد (Henry Ford) مۇنداق بىر ئىشنى بايقىغان: «ھازىرمۇ ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە، ئۆزلىرى ئويلىغاندىنمۇ كۆپرەك ئىشلارنى قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە ئەمەس ئادەمدىن بىرسىمۇ يوق.»

بىزدىكى يوشۇرۇن كۈچنىڭ چېكى يوق. ئەمما، ئاشۇنداق يوشۇرۇن كۈچنى ئەڭ يۇقىرى مۇمكىنچىلىككىچە جارى قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باقىدىغانلار بەك ئاز. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ جاۋابى مۇنداق: بىز ھەر قانداق ئىشنى قىلالايمىز، ئەمما بىز ھەممە ئىشلارنى قىلالمايمىز. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قانداق ياشاش توغرىسىدا قارار ئېلىش ئىشىنى ئەتراپىدىكى باشقا كىشىلەرگە تاشلاپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار

ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئۆز ھاياتلىرىنىڭ تۈپ مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئاتا قىلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەممە ئىشقا تەك ئۇرۇنۇپ، بىرەر ئىشنىمۇ ۋۇجۇتقا چىقىرالمايدۇ.

ئەگەر سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز يۇقىرىدىكى ئەھۋالغا ئۆزىڭىز خالىمايدىغان دەرىجىدە يېقىن بولىدىكەن، سىز ئېھتىمال ئۆزىڭىزدە بىر ئۆزگىرىش ياساشقا تەييار بولۇپ قالغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولىدىكەنسىز، ئۇ ھالدا تۆۋەندىكى 4 پرىنسىپتىن پايدىلىنىڭ:

1) پۈتۈن كۈچىڭىزنى بىرلا ئاساسىي نىشانغا قارىتىڭ

2) دىققىتىڭىزنى قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنى ئۆزلۈكسىز ياخشىلاپ مېڭىشقا قارىتىڭ

3) ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇلۇپ كېتىڭ

4) پۈتۈن كۈچىڭىزنى كەلگۈسىگە مەركەزلەشتۈرۈڭ.

سىز ئۆز ھاياتىڭىزنىڭ مەقسىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ، ئۆزىڭىزدىكى بارلىق يوشۇرۇن كۈچلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشقا ئاتلانغاندا، سىز ھەقىقىي تۈردە بىر مۇۋەپپەقىيەت يولىغا مېڭىۋاتقان بولىسىز.

مەن ئۆزۈمنىڭ 2011-يىلى يازغان «بىر لىدېردە چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك 21 سۈپەت» دېگەن ماقالىسىدە جون ماكسۋېل (John C. Maxwell) نىڭ «The 21 indispensable qualities of a leader» دېگەن كىتابىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان ئىدىم. بۇ يازغۇچىنىڭ لىدېرلىققا ئائىت كىتابلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۈگۈن مەن دۇنياغا داڭلىق كىتاب ساتىدىغان تور بېتى «<www.amazon.com>» غا كىرىپ ئىزدەپ، ئۇنىڭ 60 پارچىدىن ئارتۇق كىتابى

بارلىقىنى بايقىدىم. 2007-يىلى ئېلان قىلىنغان بىر ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ كىتابلىرىدىن جەمئىي 13 مىليوندىن كۆپرەكى سېتىلغان بولۇپ، ئۇ جەمئىي ئىككى مىليوندىن كۆپرەك ساندىكى لېدىرلار (باشلىقلار) نى ھەر خىل كۇرۇسلاردا تەربىيەلەپتۇ. ئۇنىڭ «ماكسۋېل كۈنلۈك ئوقۇشلۇقى» ( The maxwell daily reader) دېگەن 2007-يىلى نەشر قىلىنغان بىر كىتابمۇ بار بولۇپ، يۇقىرىدىكى قىسقا يازما ئاشۇ كىتابنىڭ 33-بېتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدىن ئىبارەت. بۇ كىتاب جەمئىي 365 بەتلىك بولۇپ، ھەر بىر بەت بىر بالا-تېمىنى تەشكىل قىلىدىكەن. ماكسۋېل ئوقۇرمەنلەرگە ھەر كۈنى ئۇنىڭ بىر بېتىنى ئوقۇپ، ئۇنى بىر يىل ئىچىدە تولۇق ھەزىم قىلىۋېلىشنى تەۋسىيە قىلىپتۇ. مەن بۇ كىتابدىكى مەزمۇنلارنى ئۆزۈمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى يازمىلىرىدا داۋاملىق تونۇشتۇرۇشىم مۇمكىن.

مەن بۇ ھەپتە يېڭى قېرىندىشىمىزدىن يەنە 3

ئۆكمىزنى تونۇشتۇرىمەن. ئۇلار مەن تونۇشتۇرغان 32-، 33- ۋە 34-قېرىندىشىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ 3 ئۆكمىز ئىزچىل تۆردە يۇقىرىدىكى 4 پرىنسىپ بويىچە ئىش قىلغان. مەن بۇرۇن تونۇشتۇرۇپ بولغان قېرىنداشلىرىمىز ئىچىدە يۇقىرىدىكى ماكسىۋېل ئوتتۇرىغا قويغان 4 پرىنسىپتىن پايدىلىنىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ئۆكىلارمۇ كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەن ئوقۇرمەنلەردىن بۇ قېتىمقى 3 قېرىندىشىمىزنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇغاندا، ئۇلارنى يۇقىرىدىكى مەزمۇنلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئويلۇنۇپ بېقىشىنى ئۆمىد قىلىمەن.

مەن 2006-يىلى ئۆزۈمنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى تەييارلىغاندا، ئۆزۈم بېسىپ ئۆتكەن ھايات مۇساپىسىدىكى ئەھۋاللارنى قىسقىچە خۇلاسىلاپ چىققان ئىدىم. ئۇ خۇلاسىلارنىڭ بىرى «ئۇيغۇر دېھقان بالىلىرىمۇ ئالىم بولالايدۇ»، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. مەن بۇ قېتىم

تونۇشتۇرغان سىڭلىمىز خەيرىنىسا بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، يېزىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان. گەرچە ئۇ تېخى چەت ئەلدىكى ئوقۇش مۇساپىسىنى بىر «ئالىم» بولۇش باسقۇچىغىچە مېڭىپ تۈگىتىپ بولالمىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگىنىدەك بىر ئارقا كۆرىنىشىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، بىر نىشان ئۈچۈن ئاداشماي تىرىشىپ، ئەڭ ئاخىرى ياپونغا كېلىپ ئوقۇپ، ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. يەنى، بىر دېھقان بالىسى ئۆز چىقىمى ۋە ئۆزى تاپقان يول بىلەن ياپونغا چىقىپ، ماگىستىرلىق ئوقۇغان. مەن بۇ قېتىم تونۇشتۇرىدىغان مۇختەرجان ئابدۇراخمان ئۇكىمىزمۇ بىر يېزىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ بېسىپ ئۆتكەن يولمۇ خەيرىنىسانىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. مۇختەرجان هازىر ياپونىيەدە ئۇيغۇر پەلسەپىسىنى بىر سىستېمىلاشقان ئىلمىي ساهە قىلىش يولىدا تىرىشىۋاتىدۇ. مەن بۇ قېتىم تونۇشتۇرغان ئىنىمىز

ئەيساجان بولسا چەت ئەلدىكى ماگىستىرلىق ۋە دوكتۇرلۇق ئوقۇشلىرىنى يەرلىك خەلقلەرنىڭ نورمال سۈرئىتىدىنمۇ جىق تېز ئوقۇپ تۈگىتىپ، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تالانتىنى نامايان قىلىپ، ناھايىتى ياش تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ كەسپىي ساھەسىدە، يەنى ئۈچۈر بىخەتەرلىكىگە ئائىت تېخنىكىدا بىر مۇتەخەسسىس دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ بولغان. ئۇ ھازىر شۋېتسىيەدىكى بىر شىركەتتە ئۈچۈر بىخەتەرلىكىگە ئائىت تېخنىكىغا مەسئۇل خادىم بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ . مەن بۇ 3 قېرىندىشىمىزدىن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن.

مەن ئۆزۈمنىڭ فېيىسبۇك (Facebook) تېمىغا ئىنگلىزچە ھەرىپلەر بىلەن يېزىلغان ئۇيغۇرچە ماقالىلەر، ھەمدە ئىملا-گراماتىكا قائىدىلىرىدە مەسىلە بار ماقالىلەرنى تەھرىرلەش ئىشىدا ئۆزۈمگە ياردەم ئىستەيدىغانلىقىم ھەققىدە بىر قىسقا مۇرەججەتنامە يازغان ئىدىم. ھازىرغىچە 15 لەرچە قېرىندىشىمىز ماڭا ياردەم قىلىشنى

خالايدىغانلىقى ھەققىدە مەن بىلەن ئالاقىلاشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 3 نەپەر ئۆكىمىز بولسا مەزكۇر ماقالىنى تەھرىرلەشكە ياردەملەشتى. مەن يۇقىرىدىكى ئەھۋاللاردىن ناھايىتى سۆيۈندۈم ۋە ئىلھاملاندىم. ھەمدە ئۆزۈم ئۇچۇن خېلى كۆپ مەنىۋى ئوزۇقا ئېرىشتىم. مەن بۇرۇندىن تارتىپ ئارىمىزدا ياخشى كىشىلەرنىڭ كۆپلىكىگە ئىشىنەتتىم. مېنىڭ ئاشۇ كۆز-قارىشىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكى بۇ دورام يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاندى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاشۇ ياخشى كۆڭۈللۈك قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسىگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھازىرغىچە مېنىڭ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلغان، ئەمما ئۆز ماتېرىياللىرىنى ماڭا تېخىچە ماڭدۇرۇپ بەرمىگەن قېرىنداشلاردىن ئۆز ماتېرىياللىرىنى ماڭا تېزراق ماڭدۇرۇپ بېرىشىنى سورايمەن. ھەر قانداق ئىشنىڭ بىر ياخشى پەيتى بار. مەن ھازىر قىلىۋاتقان ئارىمىزدىكى سىلەرگە

ئوخشاش ئاۋانگارت كىشىلەرنىڭ ئىش-ئىزلىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرۇش ئىشىنىڭ ياخشى پەيتى دەل ھازىر. چۈنكى ھازىر يۇرتتىكى خەلقىمىز، ۋە بىزنىڭ ياش-ئەۋلاتلىرىمىز سەلەرنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشلىرىگە، يول كۆرسىتىشلىرىگە ۋە ئۈمىدلەندۈرۈشلىرىگە تولىمۇ ئېھتىياجلىق.

# پەلسەپە پەنلەر تەتقىقاتچىسى-مۇختەرجان ئابدۇراخمان (ياپونىيە)



ئىنىمىز مۇختەرجان ئابدۇراخمان

مۇختەرجان ئابدۇراخمان 1972-يىلى 12-ئاينىڭ 8-كۈنى كەلپىن ناھىيىسى، ئاچال يېزىسى تۇرا كەنتىدە بىر مەرىپەتپەرۋەر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ بوۋىسى ئابدۇرەشىت ئەئىئەلەم ئاخۇنۇم ئاچال يېزىسىدا تۇنجى پەننىي

مەكتەپنى ئاچقان كىشى، ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا ئەللىرىدە ئۇزاق مۇددەت ئىلىم تەھسىل قىلغان كاتتا دىنىي ئالىم ئىدى. مۇختەرجاننىڭ مومىسى مەرەمنىساخان ئۇنىڭغا بوۋىسىدىن قالغان بارلىق دىنىي ۋە پەننىي كىتابلارنى قالدۇردى. مانا بۇ مىراس ۋە ۋەسىيەت ئۇمىد سۈپىتىدە بوۋىسىنىڭ تارىخىي كەچمىشى بىلەن قوشۇلۇپ مۇختەرجانغا روھىي مەشئەل ۋە بىباھا خەزىنە قالدۇرغان ئىدى. بۇ مىللىي بۇرج، ئۆزلۈك ئېڭى، جاسارەت، قەتئىي ئىرادە، ۋە توختاۋسىز تىرىشىشتىن دېرەك بەردى ۋە نىشانە بولدى.

مۇختەرجان بوۋىسىدىن پەخىرلىنەتتى. مومىسىدىن سۆيۈنەتتى. مۇقام ئېيتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلمىي سۆھبەتلەر كۆپ ئىدى. شۇڭلاشقا مۇختەرجان ئىسىل جەمەت ئارىسىدا ۋە ئىسىل پەزىلەتلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۆسۈپ چوڭ بولدى. سەنئەتكارلىق، دىنىي ئالىملىق ۋە ئارىفلىق مۇختەرجان جەمەتىنىڭ دائىملىق، تىپىك

ئالاھىدىلىكى ئىدى ("ئارىق" دېگەن سوزنى بۇرۇن بىزنىڭ ئۇستازلىرىمىزمۇ ماقالىلىرىدە ئىشلەتكەن ئىدى. ئۇ "پەلسەپەۋى ئويغىنىشنىڭ يۇقىرى پەللىسى"، "ئۇزۇل-كېسىل ماھىيەتلىك ئويغىنىش" دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۇرىدۇ-مۇختەرجان).

مۇختەرجان مەرىپەت ۋە ئىلىم-پەن ئارقىلىق ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈپ، شۇ ئاساستا دۇنياۋى سەھنىلەردە چاقناشنى ئارزۇ قىلاتتى. دادىسى ، ئانىسى ، بوۋىسى، مومىسى ئۇنىڭدىن كاتتا ئۈمىدلەرنى كۈتەتتى . ئۇنىڭغا "سەن قىلالايسەن بالام " دەيتتى. ئون-ئىككى مۇقامنى مۇختەرجان ئۆزىنىڭ ئاشۇ جەمەتىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئاڭلايتتى. ئۇ قاتتىق ھەيرانلىق، كۈچلۈك ئىنتىلىش، ۋە قاتتىق ئىرادە ۋە چىداملىق روھىدا سۇغۇرۇلۇپ باشلانغۇچنى پۈتتۈردى . ئەلۋەتتە، سىنىپىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا ئورۇن ئالغىنى مۇختەرجان ئىدى. باشلانغۇچ ھاياتىدا ئۆگەنگەن نەرسىلىرى پۈتۈنلەي ئۆز بىلىمگە ئايلىنىپ بولغان ئىدى. مۇختەرجان تولۇقسىزغا ئۆرلەپ ئوقىدى. ھەيرانلىق

، قىزغىنلىق ۋە كۈچلۈك چاڭقاقلىق ئىچىدە 3 يىلنى تاماملىدى. ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنيالىرى بارغانچە ئۆزگىرىۋاتاتتى. ئۇ قانمايتتى ، ھارمايتتى، ۋە ئىنتىلەتتى. ئۇ تەبىئىي پەنلەرنى ناھايىتى ئەستايىدىل ئۆگىنەتتى، تەدبىقلايتى، ۋە تەجرىبە قىلاتتى. تەئەججۈپ ۋە ئىلىمگە بولغان ئىشەنچ ئۇنىڭ دائىملىق روھىيەت خاسلىقى ئىدى. ئۇ ئىجتىمائى پەنلەرنى دۇنياغا تەدبىقلاپ ، تەھلىل قىلىپ، پۈتۈنلەي ئىشلىتەلەيدىغان بولۇش شەرتى ۋە ئەركىن قوللىنىش سەۋىيەسىدە تاماملىدى. لېكىن قانائەت قىلىش ئۇنىڭغا ئەسلا يات ئىدى.

مۇختەرجان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كىردى. ئەمدى ئاتا-ئانىسىنى ھەپتىدە ياكى ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم كۆرۈش ئۈچۈن ئۆيگە قايتاتتى. كۈچلۈك باللار بىلەن رىقابەتلىشىپ 1- بولۇش ۋە ئەمەلىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشنى ، يەنى پۈتۈن بىلىملەرنى تۇرمۇشتا ئىشلىتىشنى ئۇ ئۆزىگە خاس بىر ئۆلچەم قىلاتتى. كەلىپىن ناھىيىسىدە پەقەت بىرلا تولۇق ئوتتۇرا بار ئىدى. دوستلار ئارا قاتتىق

رىقابەت قىلىشاتتى. ھەمكارلىشىپ ئۆگىنەتتى. مۇختەرجان ئەنە شۇ چاغلاردىكى ئەزىز دوستلىرىغا چەكسىز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردۇ. ئۇلار مۇختەرجانغا كۈچ -قۇۋۋەت ۋە دوستلۇق، مۇھەببەتنى ھېس قىلدۇرغان ئىدى. ئۇلار بىلەن بىللە نۇرغۇن جاپا- مۇشەققەتنى يەڭدى. 1992-يىلى 8-ئايدا مۇختەرجان شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى كەسپىنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. شۇنىڭ بىلەن "خەير - خوش، كەلىپىن!" دەپ، ئۈرۈمچىگە كەلدى.

1992-يىلى 9-ئايدا رەسمىي ئوقۇش باشلاندى. مۇختەرجان ئىزدېگەن كىتاپ، جورنال، كۈتۈپخانا مۇھىتى، قىسقىسى ھەممە نەرسە ئاساسەن تەل ئىدى . ئۇيغۇر تىلىنى، ئۇيغۇر ئەدبىياتىنى، ئۇيغۇر پەنلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئەڭ چوڭقۇر سەۋىيەدە ئۆگەندى. 1993-يىلى 5-ئايدىن باشلاپ ئۇنىڭ شېئىر، نەسر ، داستان ، ۋە ماقالە-ئەسەرلىرى گېزىت ،جورناللاردا ئېلان

قىلىنىشقا باشلىدى. مەكتەپ مۇھىتى ھەقىقەتەن ياخشى ئىدى. 1993-، 1994- ۋە 1995-يىللىرى ئۇنىڭ نەزىرىدە پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئۆزىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ياراتتى. بىر تۈركۈم ئاۋانگارت ياشلار چىقىۋاتاتتى. ھەر قايسى ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار ئاكتىپ تەشكىللىنەتتى. ئۇ چاغدىكى ستۇدېنتلار ئۇيغۇر تارىخىنى ۋە رېئال مەسىلىلەرنى سىستېمىلىق مۇنازىرە قىلىش سورۇنى، يەنى "سالون" تەشكىللەپ، بىر مەيدان "ئۆزىنى ئىزدەش" ھەرىكىتىگە ساھىپ بولدى. مۇختەرجان ئەرەب تىلىدىن كۇرس ئاچتى . يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بىللە ئىنتايىن ياخشى مۇھىتتا ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇردى .

1997-يىلىغىچە مۇختەرجاننىڭ 200 پارچىغا يېقىن ئەسىرى يۇرتىمىزنىڭ ھەرقايسى مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىندى.

بەش يىل جەرياندا ئۇ ئىنتايىن قىممەتلىك ئۆگىنىش ، ئىزدىنىش، سىناق قىلىش، ۋە تەشكىلي

پائالىيەت ئېلىپ بېرىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ئۆزىدە ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى كەسپىنىڭ ئەڭ ئاساسىي بىلىم ۋە ئىقتىدارلىرىنى هازىرلاپ، كەلگۈسىدىكى ئىلمىي ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسىنى قۇردى.

1997-يىلى 9-ئايدا مۇختەرجان هازىرقى ئۈرۈمچى شەهەرلىك 31-ئوتتۇرا مەكتەپكە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى كەسپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشقا چۈشتى. ئۇ شۇ يىلدىن باشلاپ مەخسۇس ئىلمىي ئەسەرلەرنى مۇنتىزىم يېزىشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ ئوبزور، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە ئائىت ماقالىلىرى ۋە ئايرىم شېئىرلىرى تۈرلۈك مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ تۇردى.

1999-يىلى ئۇزۇن يىللىق پەلسەپىلىك ئىزدىنىشلىرىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ، مۇختەرجان ئۆزىنىڭ خاس پەلسەپە ئەسىرى "هالقىش نەزەرىيىسىنىڭ تەتقىقات قاتلاملىرى" نى پۈتتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇختەرجاننىڭ ماقالىلىرى

"ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى" قاتارلىق كەسپىي ئىلمىي جورناللاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ "ئۇيغۇر پەلسەپىسى ۋە ئۇيغۇرلاردا ئېستراتېگىيە ئېڭى " ناملىق ئەسىرى مۇختەرجاننى ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئۇزۇل-كېسىل ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىدى. يەنى، ئۇيغۇرلار پەلسەپىۋي سىستېمىلارنى تولۇق بىلىشى ۋە ئۆز رېئاللىقى ئۈچۈن ئىشلىتەلىشى كېرەك ئىدى. رېئاللىقمىز بولسا دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىش مۇتلەق زۆرۈرىيەت سۈپىتىدە مۇختەرجاننىڭ "ھالقىش پەلسەپىسى" ناملىق ئەسىرىدە قارار چىقىرىۋاتاتتى. مۇختەرجان ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئەڭ ساپ جەۋھەر سۈپىتىدىكى "پەلسەپە سىستېمىسى" غا ئەگەشتى. ئۇنىڭ ماقالىلىرى "شىنجاڭ گېزىتى" ، "ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى"، "ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى"، "تۇرپان جورنىلى"، "تارىم"، "شىنجاڭ ياشلىرى" قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىۋاتاتتى. 2005-يىلى 3-ئاينىڭ نورۇز كۈنلىرى مۇختەرجان ئىلمىي

مۇدىرلىق، تولۇق 3-يىللىقنىڭ سىنىپ مۇدىرلىقى ، ۋە ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئاشۇ مەكتەپ ۋە ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى تاشلىدى. بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلار ، ۋە مۇختەرجاننىڭ خىزمەتداشلىرى ئىچىدە كۆز يېشى قىلىۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. ئىككى ئايدىن كېيىن مۇختەرجاننىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى بېرىدىغان قەدىرلىك ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى يىغلاشتى. مۇختەرجاننىڭ سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۈن-تىنسىز يىغلاپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتتى. (مۇختەرجان مۇشۇ قۇرلارنى كومپيۇتېردا يېزىۋاتقاندا ئۆزىمۇ كۆز يېشى قىلدى.) ئۇ ئۆز-ئۆزىگە "باللىرىم مېنى كەچۈرۈڭلار! مەن ئۈمىدىڭلارنى چوقۇم ئاقلاشقا ۋەدە بېرىمەن. مەن سىلەرگە يۈز كېلەلىشىم كېرەك. ۋەتەنگە يۈز كېلەلىشىم كېرەك!" دېدى.

2005- يىلى 4-ئاينىڭ 2-كۈنى مۇختەرجان ياپونغا كەلدى. ھازىر ئۇنىڭغا تۇپ-توغرا 10 يىل بولدى.

مۇختەرجان 2006-يىلى بىر ياپون تىلى مەكتىۋىگە كىردى. 2007-يىلى 4-ئايدا ئۇزاق مۇددەتلىك ئارزۇ، پىلان، ۋە بىر بۈيۈك ئارمان بىلەن ياپونىيە كيۇشيۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە كەسپى تەييارلىق ئوقۇشىغا كىردى . بەش ئايدىن كېيىن ماگىستىرلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ناھايىتى ھاياجانلاندى. سەۋەبى، بۇ يەردە دۇنيانىڭ ئەڭ قەدىمقى پەلسەپە ئەسەرلىرىنىمۇ ئەسلى تېكىستى بويىچە ئوقۇشقا، ۋە تەتقىق قىلىشقا بولاتتى. پۈتۈنلەي ئەركىن ، مۇتلەق پاكىز ئىلمىي ھاۋادا ئىلىم تەھسىل قىلىشمۇ مۇمكىن ئىدى. مۇختەرجان ئۆز-ئۆزىگە "مەن ئۇيغۇرلارغا ئەڭ كۆپ پەلسەپە سىستېمىسىنى ئېلىپ قايتىشىم كېرەك! " دەيتتى. ۋاقىت ئىنتايىن تېز ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. 2011-يىلى مۇختەرجان ئەنگلىيە سىياسەت پەلسەپە ساھەسىدىكى مەخسۇس تېما "كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەردە پارلامېنتلىق تۈزۈم" ناملىق چوڭ ھەجىملىك ماقالىسىنى پۈتتۈردى. ھەمدە پەلسەپە

پەنلىرى بويىچە ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشتى .

مۇختەرجان 2011-يىلى 4-ئايدا ئىمتىھانسىز ھالدا دوكتورلۇق ئوقۇشىغا قوبۇل قىلىندى.

ئۇنىڭدىن كېيىن مۇختەرجاننىڭ پروفېسسورلىرى قاتناشقان بىر يىغىندا بىر يېڭى پەلسەپە سىستېمىسى يارىتىش، ياپونغا خاس بىر يېڭى ساھەنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش نىشانى قارار قىلىندى. ئۇ يىغىندا ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى، ئۇيغۇر دۆلەتچىلىك پەلسەپەسىنىڭ ئورگىنال سىستېمىسى تەتقىقات تېمىسى قىلىپ بېكىتىلدى.



**مۇختەرجان ئابدۇراھمان ياپونىيەدىكى داڭلىق جامائەت ئەرباپى، پەيلاسوپ، سىياسىي-ئىقتىسادشۇناس فۇجى گەمۇكى ئەپەندى بىلەن بىللە. فۇجى ئەپەندى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن كۆپ ئەجرى سىڭدۈرگەن كىشى بولۇپ، ناھايىتى پازىل ئادەم. ئۇ ئامېرىكىدىكى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئۇزۇن يىل پروفېسسور بولغان**

بۇ ئۇيغۇر مىللىتىگە كېلىۋاتقان بىر تېپىلماس پۇرسەت ئىدى. مۇختەرجان يۇقىرىدىكى ئىشنى ئەنە شۇنداق چۈشەندى. شۇندىن كېيىن ھازىر ياپونىيە پەلسەپە ساھەسىدە ئۇيغۇر پەلسەپەسى يېڭى ۋە كىلاسسىك پەن سۈپىتىدە ئىلىم ساھاسىدە ئوتتۇرىغا چىقىۋاتاتتى. مۇختەرجان ھازىر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەڭ پاكىز، ئەڭ پازىل، ۋە ئەڭ كامىل روھىغا ۋەكىللىك قىلىپ، ياپونىيەنىڭ ئىلىم ساھەسىدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كىلاسسىك پەلسەپە سىستېمىسىنى يارىتىشقا ئالدىراۋاتاتتى. بۇ ئىشلار ھازىر پەلسەپە ساھەسىدە قاتتىق ھاياجان ۋە قايىللىق قوزغاۋاتاتتى. ئىلمىي مۇنبەرلەردە ئۇيغۇر بۈيۈك تېما بولىۋاتاتتى. ئۇيغۇرلار

پەلسەپۋى مىللەتكە خاس چوڭقۇرلۇقتا، كەڭلىكتە، كىلاسسىك ئورگىنال سىستېمىغا ئىگە ئىدى. مۇختەرجان بۇنى ئىسپاتلاپ، ئىلمىي ماقالە ئوقۇۋاتاتتى.




مۇختەرجاننىڭ كيۇشۇ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى يەنە بىر پارچە رەسمى

مۇختەرجان ئابدۇراخمان 2015-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ كيۇشۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە كەسپىي تەتقىقاتچىسى سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. بۇ ئۇيغۇر پەلسەپىسى ھەققىدىكى ئىلمىي تاتقىقات سىستېمىلىشىش

باسقۇچىغا قەدەم قويىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەلۋەتتە. مۇختەرجان ھازىر ئۇيغۇر پەلسەپىسى ۋە غەرب پەلسەپىسى ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بىز بۇنىڭدىن خوشاللانماي، مۇختەرجان ئۇكىمىزدىن پەخىرلەنمەي تۇرالمايمىز.

مۇختەرجان ئابدۇراخمان ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەر تىزىملىكى:

[1] 2012-يىلى 9-ئايدا، "قۇتادغۇبىلىكتىكى ئۇيغۇر دۆلەتچىلىكى"، كيۇشيۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلدى.
[2] 2013-يىلى 5-ئايدا، ياپونىيە دۆلەتلىك پەلسەپە ئىلمىي جەمئىيىتى،"قۇتادغۇبىلىكتىكى تەبىئەت پەلسەپە ئىدىيەسى" ئوقۇلدى.
[3] 2013-يىلى 9-ئايدا، "ئۇيغۇر دۆلەتچىلىك پەلسەپىسى ۋە قۇتادغۇبىلىك"، "پەلسەپە ئىلمىي ماقالىلىرى" جورنىلىدا ئېلان

قىلىندى.

[4] 2013-يىلـــــى 10-ئايــــــدا يـــــاپونىيە دۆلەتلىــك ئىتىكــا@ ئىلمـــي جەمئىيىتىنىــك يىغىنىــدا " ئۇيغـــۇر ئىستراتېگىيەســـى ۋە ئۇيغـــۇر دۆلەتچىلىــك ئىدىيەسى" ئوقۇلدى.

[5] 2013-يىلـــى 12-ئايـــدا غەربـــي يـــاپونىيە پەلســـەپە ئىلمـــي جەمئىيىتـــى پەلســـەپە ئىلمـــي مۇهـــــــاكىمە يىغىنـــــــدا "قۇتـــــادغۇبىلىكتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ غايىۋى دۆلەتچىلىكى" ئوقۇلدى.

[6] 2014-يىلـــى 6-ئايـــدا ياپونىيەدۆلەتلىـــك پەلســـەپە ئىلمـــي جەمئىيىتـــدە "قۇتـــادغۇبىلىكتىكى قانۇن پەلسەپەسى" ئوقۇلدى.

[7] 2014 -يىلـــى 8-ئايـــدا،"يـــپەك يـــولى" زهورنىلىـــدا "قۇتـــادغۇبىلىكتىكى ئۇيغـــۇر پەلســـەپە سىستېمىسى" ئېلان قىلىندى.

[8] 2014-يىلـــــــــــــى 9-ئايـــــــــــــدا "قۇتـــادغۇبىلىكتىكى بىلىـــش نەزەرىيەســـى " كيۇشـــيۇ ئۇنىۋېرســـــتېتىنىڭ پەلســـەپە ئىلمـــي مۇهـــاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلدى.

[9] 2014-يىلـــــى 12-ئايـــــدا "فارابىنىـــــڭ غـــايىۋى دۆلەت پەلسەپەسـى" نـــاملىق ماقـــالە "پەلســـەپە ئىلىلمىـــي ماقـــالىلىرى 50 يىلللـــق خـــاتىرە" سـانىدا 1-ماقالە بولۇپ تاللاندى ۋە ئېلان قىلىندى.

[10] 2015-يىلـــى 5-ئاينىـــڭ 17-كـــۈنى يـــاپونىيە دۆلەتلىـــك پەلســـەپە ئىلمىـــي جەمئىيىتىنىـــڭ 74- قېتىملىـــق يىغىنىـــدا ئۆيغـــۇر پەلسەپەســـى ھەققىـــدە "فارابىنىـــڭ تەبىـــئەت پەلسەپەســـى" ئوقۇلماقچى. ماقالە تاللىنىپ بولدى.

# خەيرىنىسا ياسىن (ياپونىيە)



سىڭلىمىز خەيرىنىسا ياسىن

سىڭلىمىز خەيرىنىسا ياسىن يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئىنىمىز مۇختەرجان ئابدۇراخماننىڭ خانىمى بولۇپ، ئۇ 1974-يىلى 8-ئايدا كەلپىن ناھىيە گەزلىك يېزا گەزلىك كەنتىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 6 قېرىنداشنىڭ ئىچىدىكى ئۈچىنچىسى بولۇپ، ئاكا-ئاچا، ئىنى-سىڭىللىرى تەل بولغان قېرىنداشلىق مېھرىدىن تولۇق ھوزۇرلانغان بىر خانىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئاكا-ئاچىلىرى مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، گەرچە ئۇ تەخى ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلىم ئېلىشقا بولغان قىزغىنلىقى ئىختىيارسىز هالدا ئۇنى ئاكا-هەدىلىرىگە ئەگىشىپ مەكتەپكە بېرىشقا ئۈندىدى. قىشنىڭ قاتتىق شۇۋۇرغانلىق سوغۇق بولغان بىر كۈنى ئىدى. خەيرىنىسا ئاچىسىغا ئەگىشىپ مەكتەپكە باردى. بىراق، يېشى تېخى كىچىك بولغاچقا سىنىپقا كىرەلمەي، دەرىزە يېنىدا تۇرۇپ دەرس تىڭشاپ، سوغۇقتىن بەدەنلىرى قاتتىق مۇزلاپ كەتتى. ئۇنى كۆرۈپ قالغان ئاقكۆڭۈل تۇخان ئىسىملىك مۇئەللىم ئۇنى سىنىپقا ئېلىپ كىرىپ، مەشىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، دەرس تىڭشاشقا ئورۇنلاشتۇردى. خەيرىنىسا بۇ ئىشتىن ئىنتايىن قاتتىق تەسىرلەندى. دەرس تۈگىگەندىن كېيىن، تۇخان مۇئەللىم ئۇنى ئېلمىي مۇدىر ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردى. ئېلمىي مۇدىر خەيرىنىسانىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا چىرايلىقچە چۈشەنچە بېرىپ، يېشى توشقاندا مەكتەپكە ئاندىن

كېلىشىنى ئېيتتى.

تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن كۈن ئاخىرى يېتىپ كەلدى. خەيرىنىسا 1981-يىلى سېنتەبىردىن باشلاپ مەكتەپ بوسۇغىسىغا كىرىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولدى. مەكتەپتە مۇئەللىمنىڭ ئۆتكەن دەرسلىرىگە قارىماستىن، ئېلىپبە ھەمدە ماتېماتىكىدىن ئاكىسىنىڭ تەسىرىدە خېلى بۇرۇنلا ساۋادىنى چىقىرىۋالغان بولغاچقا، ئۇ ئىلگىرىلەپ يۇقىرى يىللىقلارنىڭ دەرسلىرىنى ئالدىن ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. نەتىجىسى مەكتەپتە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا بولۇپ، ھەر مەۋسۇم ئاخىرىدا مۇكاپات ئالغان دەپتەرلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن يېتىپ ئاشاتتى. ئاكىسىنىڭ ياخشى ئوقۇشى، شۈبھىسىز ئۇنىڭغا تەسىر قىلىپ، ھەر قېتىملىق مۇكاپاتلاشتا 1-بولۇپ خەيرىنىسانىڭ ئىسمىنىڭ چاقىرىلىشى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىلھام بەردى. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا كىچىككىنە كۈتۈپخانىدا ھەر خىل كىتابلارنى ئوقۇپ، كۈنلىرى شۇنچىلىك بەخت ئىچىدە ئۆتەتتى.

خەيرىنىسا مەكتەپكە بېرىشتا 1-بولۇپ بارىمەن دەپ، ئاپىسىنىڭ ئەتىگەندە تەييارلىغان ناشتىلىقلىرىغىمۇ قارىماستىن چىقىپ كېتەتتى. ھەر مەۋسۇملۇك ئاتا-ئانىلار يىغىنى بولسا پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيلىگەن نەمۇنىلىك ئائىلە دەپ، خەيرىنىسانىڭ ئاپىسى دائىم لۆڭگە ۋە چايدان قاتارلىق ماددىي بۇيۇملار بىلەن تەغدىرلىنەتتى. باشلانغۇچنىڭ 4-سىنىپلىرىدا ئوقۇۋاتقان چاغلار ئىدى. خوشنىلىرى ئۇن ئالغۇ، رادىئو، رەڭسىز تېلېۋىزور قاتارلىق ئائىلە ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى ئېلىپ، كەچلىگى تېلېۋىزور كۆرىدىغان، توي-تۆكۈنلەردە ئۈن ئالغۇلارنى ئىشلىتىدىغان ئىشلار باشلاندى. خەيرىنىسا ئۇ ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرىنىڭ نەدىن ياسىلىپ كەلگەنلىكىنى سورىغىنىدا «ياپونىيەدە ياسالغان» دېگەن جاۋاپلارنى ئاڭلاپ، «چوقۇم ئاشۇ دۆلەتكە كەلگۈسىدە ئوقۇشقا چىقىمەن» دەپ قەتئىي ئىرادە تىكلىدى. خەيرىنىسانىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆزلىرىنىڭ مەكتەپتە بەكلا ئوقۇغۇسى بار بولسىمۇ، بىراق

مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى سەۋەپلىك ئوقۇيالمىغانلىقىنى دائىم سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇلارنىڭ باللىرىغا دائىم تەكىتلەيدىغىنى «باللىرىم دېھقان بولۇش بىز بىلەن تۈگەپ كەتسۇن، نېمىمىز كەتسە مەيلى. ھەممىڭلار ياخشى ئوقۇپ، بۇ يۇرتتىن يىراق-يىراقلارغا بېرىپ ئوقۇڭلار».

سائەت ئىستىرلىكسىنىڭ رىتىملىق سوقىشى بىلەن خەيرىنىسا باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن تاماملاپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزىدىن كۈتكەن ئۈمۈدىگە جاۋاپ قايتۇرىدىغان پەيتلەر يېتىپ كەلدى. 1993-يىلى 9-ئايدا ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ، ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرلۇش بىناكارلىق فاكۇلتېتى «سانائەت ۋە ئاھالە ئۆي-ئىمارەت بىناكارلىق كەسپى» سىنىپىغا قوبۇل قىلىندى.

ئىمتىھاننى ياخشى بەرگەچكە، خەيرىنىسا چاقىرىق چىقىشتىن بۇرۇن ئۆز-ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا ئۈرۈمچىگە باردى، ھەمدە مائارىپ نازارىتىگە ئۆزى كىرىپ، نەتىجىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ،

خاتىرجەم هالدا يۇرتىغا قايتتى.

شۇنداق قىلىپ خەيرىنىسانىڭ ئالىي مەكتەپ هاياتى باشلاندى. ئۇ 11 يىل ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدا مەكتەپ تەربىيەسى ئېلىپ كېلىپ، بىردىنلا بارلىق دەرسلەر خەنزۇ تىلى بىلەن ئۆتۈلىدىغان مۇهىتقا قەدەم قويدى. ئوقۇتقۇچىلار پۈتۈنلەي خەنزۇلار ئىدى. بۇ مەكتەپتىكى هايات ياتاق، دەرسخانا ۋە ئاشخاندىن ئىبارەت 3 ئورۇن ئارىلىقىدا، هەر كۈنى ئوخشاش جەريانلارنى تەكرارلاش بىلەن ئۆتتى. ئوقۇغۇچىلار ۋاقتىنىڭ 80 پىرسەنتى دېگۈدەك دەرسخانىلاردا ئۆتەتتى. خەيرىنىسا ئالىي مەكتەپتىكى بۇنداق هاياتتىن ئانچە ياخشى هوزۇرلىنالمىدى. هەمدە ئۇنىڭغا ئۆزى ئانچە قانائەتلەنمىدى. چۈنكى، بۇرۇنقى ئۆز ئانا تىلى بىلەن ئالغان بىلىملەر شۇنچىلىك هوزۇرلۇق ئىدى. بىر دېھقان ئۆچۈن ئوتۇن سېتىپ پەرزەنتلەرنى ئوقۇتۇش هەقىقەتەنمۇ قىيىن ئىش ئىدى. خەيرىنىسا ئاكىسى بولغاچقا ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاكىسى

ئۇنىڭ ئايلىق تۇرمۇش راسخوتلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئوقۇش پۇلىنى ئاتا-ئانىلىرى چىقاردى.

ئۇيغۇر دىيارىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مائارىپ ۋە پەن-مەدەنىيەتلىرىنىڭ

مەركىزى بولغان بۇ شەھەردە 5 يىل ئوقۇپ، ئاتىسى بىلەن ئۆزى ئۈچۈن بارلىقىنى

سەرپ قىلغان مېھرىبان ئاپىسىنىڭ يىڭنىغا قايتىشىنى ھېس قىلىپ، ئوقۇش پۈتكەندە خەيرىنىسا ئاقسۇغا قايتىپ كەتتى. بىر قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بىر ھەيۋەتلىك ماشىنىسى بىلەن مەكتەپكە خەيرىنىسانى ئالغىلى كەلدى. خەيرىنىسا ئاقسۇغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى چۈشەنگەچ 8-ئايدا بىر ئاي ئىشلىدى . بىراق، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۈرۈمچىگە قايتىشنى ئەڭ مۇۋاپىق تاللاشكەن، دەپ قاراپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ،10-ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1-قۇرۇلۇش شىركىتىگە ھەزمەتكە كىردى. ئۇ يەردە 3 يىل خىزمەت قىلىپمۇ كۆردى.

بىراق خەيرىنىسا يەنىلا باشلانغۇچ

مەكتەپتىكى چاغلاردا كۆڭلىگە پۈككەن يۈكسەك غايىسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، تونۇشلارنىڭ ياردىمىدە بىر خەنزۇنىڭ شىركىتىگە پۇل تۆلەپ، 2001-يىلى ئاۋغۇستتا ياپونىيىگە ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇش ئۈچۈن كەلدى. ياپونىيەگە كېلىپلا مەكتەپتىن 5 تۈمەن ياپون يېنى ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۆزىنىڭ ئىقتىسادى بولمىسىمۇ قورقماستىن قەرز ئېلىپ، چەتئەلدە ئوقۇشقا تەۋەككۇل قىلدى. دەسلەپتە ياپون تىلى ئۆگەنگەچ جۇڭگودىكى كەسپىي تېخنىكوملارغا باراۋەر كېلىدىغان بىر «قىسقا ئۇنىۋېرسىتېت»قا ئوقۇشقا كىرىپ، قىزلار كومپيۇتېر كەسپىدە بىر مەزگىل ئوقۇدى. 2004-يىلى 4-ئايدا فۇكۇئوكا مائارىپ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ، مەكتەپ مائارىپى فاكۇلتېتى يەسلى مائارىپى كەسپىدە ماگىستىرلىق ئوقۇشنى باشلىدى.

خەيرىنسانىڭ تەتقىقات تېمىسى «يەسلىلەردىكى تەبىئىي مۇھىتنىڭ يەسلى مائارىپىغا بولغان تەسىرى» بولۇپ، ئۇ تەتقىقات

ئۇيغۇر دىيارى بىلەن ياپونىيەنى سېلىشتۇرۇشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلدى. ئوقۇش جەريانىدا خەيرىنىسانىڭ ھېس قىلغانلىرى شۇكى: بىز ۋەتەندىكى ۋاقىتتا ھەقىقىي مەنىدىكى ئوقۇشنىڭ، بىلىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تولۇق ھېس قىلالمىغان، ھەمدە كۆپ ئۇقۇملار خاتا ھالدا ئۆزلۈشۈپ قالغان ئىكەن. شۇ يىلى خەيرىنىسا ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ بولۇپلا ۋەتەنگە قايتىپ، ھازىرقى ئېرى مۇختار ئابدۇراخمان بىلەن تۇرمۇش قۇردى. 2005-يىلى ئاپرېلدا خەيرىنىسانىڭ ئېرىمۇ ياپونىيەگە كەلدى. خەيرىنىسانىڭ دوكتۇرلۇققچە ئۆرلەپ ئوقۇش ئارزۇسى كۈچلۈك ئىدى. بىراق ياپونىيەدە ئەر-ئايال ئىككەيلەننىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇشى ئاسانغا چۈشمەيتتى. خەيرىنىسا ئۇدا 2 يىل ياپونىيە مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ يىلىغا 7 تۈمەن ياپون پۇلى ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 2007-يىلى ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى ناھايىتى ياخشى نەتىجە بىلەن غەلىبىلىك ھالدا تاماملىدى. خەيرىنىسانىڭ

ماگىستىرلىق ئىلمىي ماقالىسىنىڭ تەمىسى: «ياپونىيەدىكى مەكتەپ يېشىدىن بۇرۇنقى بالىلار مەكتىپى ۋە يەسلىلەرنىڭ مۇھىتى توغرىسىدا ئىلمىي تەتقىقات». خەيرىنىسا يەنە «ياپونىيە يېپەك يولى جەمئىيىتى» نىڭ بىر يىلدا بىر سانلا چىقىرىدىغان ژورنىلىدا 2009-يىلى «ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي يەسلىلەردىكى ھويلىسىغا مۇناسىۋەتلىك تەبئىي مۇھىت» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ياپونچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى.

خەيرىنىسا ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى پۈتتۈرگەندە چوڭ قىزى 6 ئايلىق بولۇپ قالغان ئىدى. كېيىنكى يىلى ئۇلارنىڭ كىچىك قىزى توغۇلدى. يەنى، خەيرىنىسا بىر تەرەپتىن چوڭ قىزىغا قوساق كۆتۈرۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يەنە ئۇ ئوقۇشىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىدى.

خەيرىنىسانىڭ ئېرى مۇختار ياپونىيەنىڭ داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ بىرى بولغان كيۇشۇ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. ياشقا چوڭ بولۇپ

قالغاچقا، ئوقۇش مۇكاپات پۇللىرىغا ئېرىشىپ ئوقۇش بىراز تەسكە چۈشتى. خەيرىنىسا ھازىر ئىككى پەرزەنتىنى تەربىيىلىگەچ ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ئىشلەپ، ئېرىنىڭ تەتقىقات ئىشلىرىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قوللاپ، كېچە-كۈندۈز تىرىشىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىر كۈنى تولىمۇ ئالدىراشچىلىق ئىچىدە، شۇنداقلا ئۆزىگە خاس بىر تۈس ئىچىدە ناھايىتىمۇ ھوزۇرلۇق داۋام قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ 2 پەرزەنتى ھازىر باشلانغۇچ مەكتەپ 3-سىنىپ ۋە 2-سىنىپلىرىدا ئوقۇۋاتىدۇ.

خەيرىنىسا ھازىر ئېرى مۇختەرنىڭ تەتقىقات ئىشلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاش بىلەن بىرگە، ئۆيىدىكى كىتاپلارنى ئۇستاز تۇتۇپ بىلىم ئېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى كىتاپنىڭ ئۆزىلا بىر قانچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغىلى يېتىپ ئاشىدۇ. مۇختەر كىتاپ ئېلىشقا ناھايىتى ئامراق بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشلەپ تاپقان پۇلىنى كىتاپ ئېلىشقا، دۇنيادىكى مەشھۇر پەيلاسوپلارنىڭ

ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلغان بولۇپ، ئۇنداق قىلىشنى ھازىرمۇ داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ. بىر كىتاپنى ئالماقچى بولسا تور ئارقىلىق ئەسلىدىكى باھادىن 5 ھەسسە يۇقىرى باھادا سەتىۋالىدۇ. خەيرىنىسانىڭ ئەڭ پەخىرلىنىپ، كەسىپ ئېيتالايدىغىنى شۇكى: ئېرى مۇختەرنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىتىگە بولغان مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى باشقا ھەرقانداق بىر ئۇيغۇرنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ.



**خەيرىنىسانىڭ ئېرى مۇختەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى ئوماق قىزلىرى. بۇ رەسىم 2014-يىلى خەيرىنىسانىڭ كىچىك قىزى مەكتەپكە كىرگەن كۈنى تارتىلغان**

خەيرىنىسانىڭ ئۇيغۇر ياشلىرىغا مۇنداق يۈرەك سۆزلىرى بار: «سىز بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولىدىكەنسىز، ئىزچىل تۈردە شۇ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىشىڭىز، ئاخىرى بىر كۈنى ئۇنى قىلالىيسىز. ئارزۇ دېسەك شۇنچە كۆپ ئارزۇلار بار. ئاشۇنداق ئارۇلارغا يېتىشتە ئەمەلىي ھەرىكەت بەك مۇھىم. تەۋەككۇل قىلمىغۇچە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. خۇددى مەن ئوقۇشقا تەۋەككۇل قىلغانغا ئوخشاش، قورقماستىن ماڭالايدىغان تەۋرەنمەس ئىرادە بولسىلا ، بۇ گۈزەل دۇنيادا ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىڭىزگە چوقۇم ئېرىشەلەيسىز. تىرىشساق بىزمۇ دۇنيادا نوبېل مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشەلەيمىز. ياپونىيەگە ئوقۇشقا كەلمەكچى بولۇپ، مەسلىھەت سوراشقا ھاجىتىڭىز چۈشسە، ماڭا «ئاتلان1119@gmail.com» ئارقىلىق ئېلخەت يازسىڭىز بولىدۇ. مەن

هـــازىرغىچە بىــر-قـــانچە قېرىنداشـــلارنىڭ ياپونىيەگە كېلىــــپ ئوقۇشــغا يــول مېڭىــپ، پۈرســەت ھەل قىلىــپ بەردىــــــم. بۇنــــدىن كېيىنمـــــۇ ئېھتىيـــاجى بـــار قېرىنداشــــلارغا قولۇمـــــدىن كېلىشــــىچە يـــاردەم قىلىمەن. »

## دوكتۇر ئەيساجان ئابىدىن (شۋېتسىيە)



دوكتۇر ئەيساجان ئابىدىن

ئىنىمىز ئەيساجان ئابدىن 1983-يىلى كورلا شەھىرى ئاۋات يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئاۋات يېزىسىدا تاماملاپ، تولۇق ئوتتۇرىنى بايىنغولىن ئوبلاستلىق 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 2001-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھېسابلاش ماتېماتىكا تولۇق كۇرۇس كەسپىگە ئوقۇشقا كىرىپ، 2006-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن.

ئەيساجان كەلگۈسىدە چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئارزۇسىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئالىي بىلەن مەكتەپنىڭ ھەر ئىككىسىدە كەسپىي دەرسلەرنى پۇختا ئىگىلەلىگەندىن سىرت، يەنە ئىنگلىز تىلىنى ئۆگۈنۈشكىمۇ باشلايدۇ. دەسلەپتە ئىنگلىز تىلى كۇرسىدا ئوقۇپ ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزلىگىدىن ھەر خىل ئۇنۇملۈك ئۆگىنىش ئۇسۇللىرىنى قوللۇنۇپ ئۆگىنىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە دۆلەتلىك 4- ۋە 6- دەرىجىلىك ئىمتاھانلاردىن ئۆتىدۇ، ۋە 2004-يىلى IELTS ئىمتاھانىغا قاتنىشىپ، ياخشى نەتىجىگە

ئېرىشىدۇ. شۇنداقلا شۇ يىلىدىن باشلاپ ئەيساجان ئىنگلىز تىلى كۇرسلىرىدا قوشۇمچە دەرس ئۆتۈشكە باشلايدۇ.

ئەيساجان 2005-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈشتىن بىر يىل بۇرۇن شۋېتسىيەدىكى نوپۇزلۇق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بىرى بولغان چالمېرس تەخنولوگىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ( Chalmers University of Technology) نىڭ ئىنژېنېرلىق ماتېماتىكا كەسپىگە ماگىستىرلىققا قوبۇل قىلىنىدۇ. بىراق ۋىزىغا ئېرىشەلمەسلىك سەۋەبىدىن ئۇ ئوقۇشقا شۇ يىلى بارالماي، قايتا ئىلتىماس سۇنۇش ئارقىلىق 2006-يىلى تولۇق كۇرسنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئاندىن چالمېرسقا ئوقۇشقا كېلىدۇ.

ئەيساجان ئادەتتە ئىككى يىلدا تاماملىنىدىغان ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى 10 ئاي ئىچىدە ھەممە پەنلەردە تولۇق نومۇر بىلەن تاماملايدۇ. بۇ جەرياندا ئەيساجان بىر تەرەپتىن ھەر كۈنى ئەتىگەندە 4-5 سائەت گېزىت تارقىتىش

ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، شۇ سەۋەبلىك ئەتىگىنى ئۆتۈلگەن دەرسلەرگە قاتنىشالماي، كەچلىكلىرى ئۆزى ئۆگىنىدۇ. بۇ 10 ئاي ئەيساجانغا نىسبەتەن ھەم جاپالىق ھەم نەتىجىلىك ۋاقىت بولىدۇ: ئۇ ماگىستىرلىقنى پۈتتۈرۈشتىن بۇرۇنلا دوكتورلۇق ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئەيساجان 2007-يىلى 6-ئايدا شۋېتسىيەدىكى لىنشۆپىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى (UniversityLink ping) نىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىغا 5 يىللىق دوكتورلۇق ئوقۇشقا كىردى، ۋە كۋانت مەخپىي سىرپ بىخەتەرلىكى (Quantum Cryptography) گە ئائىت تېمىنى تەتقىقات يۆنىلىشى قىلىپ تاللىدى.ئەيساجان 2010-يىلى ئېلېكتىر ئىنژېنېرلىق فاكۇلتېتىنىڭ ئۇچۇر كودلاشتۇرۇش (Information Coding) بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كىرىپ، شۇ بۆلۈمدە 2013-يىلى 5-ئايدا دوكتورلۇق ئوقۇشىنى غەلبىلىك تاماملىدى.




ئامېرىكىنىڭ ئاتلانتا شەھىرىدىكى بىر خەلقئارالىق ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىغا قاتناشقىلى كەلگەندە تارتىلغان رەسىم. «CNN» ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ مېدىيە شىركەتلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ شىركەتنىڭ دۇنيانىڭ ھەممە يەرىدە تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرى پروگراممىسى بار

ئەيساجان دوكتورلۇق تەتقىقات تېمىسىنى ئۆزىنىڭ بۇرۇن ئوقۇغان ھېسابلاش ماتېماتىكىسى كەسپىگە مۇناسىۋەتسىز بىر ساھەدە تاللىغانلىقى تۈپەيلىدىن، تەتقىقاتىغا ئائىت ئاساسىي بىلىملەرنى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ ئۆگىنىشكە توغرا كېلەتتى.

بىراق، ئەيساجان تەتقىقاتىغا ئائىت ئاساسىي بىلىمەرنى تېزدىن ئىگىلەپلا قالماي، بىر كۋانت مەخپىي شىفىر هاسىل قىلىش كېلىشىمىدىكى يوچۇقنى بايقاپ، تۈنجى ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.  دوكتورلۇق ئوقۇش جەريانىدا، ئەيساجان ئېرىشكەن بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىللىرى ئۆز ساهەسىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، مەلۇم دەرىجىدە غۇلغۇلا قوزغىدى.

ئەيساجان دوكتورلۇق ئوقۇشىنى باشلىغان مەۋسۇمدىن باشلاپ، بىر تەرەپتىن ئۆز ئوقۇشىنى ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن دەرس ئۆتۈپ، تولۇق كۇرس ۋە ماگىستىر ئوقۇغۇچىلىرىغا بېرىلىدىغان سىزىقلىق ئالگېبرا، ماتېماتىكا ئانالىزى، مەخپىي سىپىر ئىلمى ۋە كومپيۇتېر بىخەتەرلىكى قاتارلىق دەرسلەرگە ياردەمچى ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى.

2014-يىلى 2-ئايدا چالمېرسنىڭ كومپيۇتېر فاكۇلتېتىغا بىر يىللىق دوكتور ئاشتىلىققا كىرىپ، شەخسىي مەخپىيەتلىككە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستىكى بىئوستاتىستىكىلىق كىملىكىنى

ئىسپاتلاش (Priwacy-preserving biometric authentication) ۋە باشقا بىرقانچە ئۇچۇر بىخەتەرلىكىگە ئائىت تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ بۇ جەريانلاردا ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ۋە باشقا ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئىلمىي دوكلات بەردى.

ئەيساجان هازىر شۋېتسىيەدىكى ئۆزى تۇرۇشلۇق شەھەردىكى بىر شىركەتتە ئۇچۇر بىخەتەرلىكىگە ئائىت تېخنىكىغا مەسئۇل خادىم بولۇپ ئىشلىمەكتە. ئۇ پات-ئاردا بېلگىيەدىكى لۇۋېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ (KU Leuven) دۇنياغا داڭلىق كومپيۇتېر بىخەتەرلىكى ۋە سانائەت مەخپىي سىپىر ئىلمى (Computer security and industrial cryptography) تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشقا چۈشۈش ئالدىدا تۇرىۋاتىدۇ.



ئەيساجان ئابىدىن بىلەن بىلىمخۇمار. بۇ رەسىم 2011-يىلى يازدا ئىستانبۇلدا تارتىلغان. شۇ قېتىم ئەيساجان ئىستانبۇلدا ئېچىلغان ئۇيغۇر ئاكادەمىيىسىنىڭ ئىلمىي دوكلات يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئۆزى ئېلىپ بېرىۋاتقان تەتقىقات ئۈستىدە بىر مەيدان ئىلمىي دوكلات بەرگەن ئىدى

ئەيساجانغا كىچىكىدىن تەسىر قىلغان مۇھىم نەرسە ئاتا-ئانىسىنىڭ بارلىقىنى باللىرىنىڭ ئوقۇشىغا ئاتىۋەتكەنلىكى، بولۇپمۇ ئەيساجان كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭ دادىسى بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مېھرىبان ئانىسىنىڭ جاپا مۇشەققەتكە پىسەنت قىلماي، ئۆزى يالغۇز

دېھقانچىلىقتا تايىنىپ، پەرزەنتلىرىنى ياخشىراق ئىستىقبالغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇتقانلىقى، ۋە ئۇلارنى يېقىندىن قوللاپ، ئوقۇشتا ياخشى نەتىجە قازىنىپ، جەمئىيەتتە بىر كىشىلىك ئورۇننى تېپىشىغا مەدەت بەرگەنلىكىدۇر. ئەيساجان شۇ ۋەجىدىن، ئۇلۇغ ئانىسىغا تەشەككۈر ئېيتىش بىلەن بىرگە، يەنە ئاكا-ھەدىلىرىنىڭ بىر-بىرىدىن ياخشى ئوقۇپ، ئۆزىگە ياخشى ئۈلگە بولۇپ، ھەر دائىم يېقىندىن يار-يۆلەكتە بولۇپ بەرگىنىگە رەھمەت ئېيتىدۇ.



# ئەيساجان ئابدىن ئۆكىمىز ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر

ئەيساجاننىڭ ياشلارغا بولغان يۈرەك سۆزى مۇنداق: «ئىنساننىڭ هاياتى تولىمۇ قىسقا. بۇ قىسقا هاياتتا هەربىر ئىنسان نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇقلارنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ. لېكىن ساغلاملا بولىدىكەن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە يېتەرلىك ۋاقىت بار. شۇڭلاشقا، ئىشىنىمەنكى، هەر دائىم ئۈمىدۋار بولۇپ، ئوقۇشىزلىقلارغا تېز پۈكمەي، تەن-سالامەتلىكىمىزگە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا ئۆزلۈكسىز توغرا يولدا، توغرا نىيەتتە تىرىشىدىغانلا بولساق، هەممىمىز ئۆز ئارزۇ-ئارمانلىرىمىزنى ۋە غايىللىرىمىزنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلەيمىز."

ئىنىمىز ئەيساجاننىڭ بىر خۇسۇسى تور بەتى بار بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن كورەلەيسىز:

https://sites.google.com/site/aysajan/

ئىنىمىز ئەيساجان 2003-يىلى شىنجاڭ

ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىن باشلاپلا ئامېرىكىدىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپ «مىت» تەييارلاپ تارقاتقان ئىنتېرنېت ماتېماتىكا دەرسلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن ناھايىتى ياخشى ئۇنۇم قازانغان. بۇنداق دەرسلەر ئىنگلىزچە «ئوپېنكوئۇرسېۋارە، ئوكۇۋ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كېيىنكى چەت ئەلدىكى ئوقۇش ھاياتىدىمۇ بۇ قورالدىن كۆپ پايدىلىنىپ، ياخشى ئۇنۇملەرگە ئېرىشكەن. ئۇ ھازىرمۇ بىرەر يېڭى نەرسىنى ئۆگەنمەكچى بولغاندا ئىنگلىزچە «كوئۇرسېرا» دەپ ئاتىلىدىغان ھەقسىز ئىنتېرنېت دەرسلىرىنى تەپىپ ئاڭلايدۇ. ئىنىمىز ئەيساجان ھازىر ۋەتەندە ۋە چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان بارلىق ئۆگىنىدىغانلارغا بۇ ئىككى تور بېتىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تور ئادرېسلىرى:

http://ocw.mit.edu/courses/audio-video-courses/

https://www.coursera.org/course

s

**دوكتور ئەيساجان ئابدىن ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تىزىملىكى (ئىنگلىزچە):**

Refereed Conference/Journal Papers:

[1] On the Leakage of Information in Biometric Authentication

Elena Pagnin, Christos Dimitrakakis, Aysajan Abidin and Aikaterini Mitrokotsa

In Proceedings of INDOCRYPT 2014, LNCS 8885, pp. 265-280, Springer, 2014.

[2] Security aspects of privacy-preserving biometric authentication based on ideal lattices and ring-LWE

Aysajan Abidin and Aikaterini

Mitrokotsa

In Proceedings of IEEE WIFS, pp. 1653-1658, 2014.

[3] Security of a Privacy-Preserving Biometric Authentication Protocol Revisited

Aysajan Abidin, Kanta Matsuura, and Aikaterini Mitrokotsa

In Proceedings of CANS 2014, LNCS 8813, pp. 290-304, Springer, 2014.

[4] Attacks on Privacy-Preserving Biometric Authentication

Aysajan Abidin, Elena Pagnin, and Aikaterini Mitrokotsa

In Proceedings of NordSec 2014, LNCS 8788, pp. 293-294, Springer, 2014.

[5] A Privacy-preserving

Biometric Authentication Protocol Revisited

Aysajan Abidin and Aikaterini Mitrokotsa

In Proceedings of YACC 2014, Porquerolles island, France, June 2014.

[6] Direct Proof of Security of Wegman-Carter Authentication with Partially Known Key

Aysajan Abidin and Jan-Åke Larsson

Quantum Information Processing, 13(10): 2155-2170, 2013

QOI: 10.1007/s11128-013-0641-6

[7] On security of universal hash function based multiple authentication

Aysajan Abidin

In Proceedings of ICICS 2012, LNCS 7618, pp. 303-310, Springer, 2012.

[8] New Universal Hash Functions

Aysajan Abidin and Jan-Åke Larsson

In Proceedings of WEWoRC 2011, LNCS 7242, pp. 99-108, Springer, 2012

[9] Quantum Cryptography and Authentication with Low Key-Consumption

A. Abidin, C. Pacher, T. Lorünser, J.-Å. Larsson and M. Peev

Proc. of SPIE Vol. 8189. (2011)

[10] Vulnerability of "A novel protocol-authentication algorithm

ruling out a man-in-the-middle attack in Quantum Cryptography

Aysajan Abidin and Jan-Åke Larsson

International Journal of Quantum Information, Vol. 7, No. 5 (2009) 10471052.

[11] Special properties of Strongly Universal-2 hash functions important in Quantum Cryptography

Aysajan Abidin and Jan-Åke Larsson

AIP Conf. Proc., Vol. 1101, pp. 289-293, 2009.

Submitted Papers:

[12] Secure Privacy-Preserving Biometric Authentication

Aysajan Abidin, Jonas

Magazinius, and Aikaterini Mitrokotsa

Preprints:

[13] Attacks on quantum key distribution protocols that employ non-ITS authentication

C. Pacher, Aysajan Abidin, T. Lorünser, M. Peev, R. Ursin, A. Zeilinger and J.-Å. Larsson

arxiv.org/abs/1209.0365

[14] Security of Authentication with a Fixed Key in Quantum Key Distribution

Aysajan Abidin and Jan-Åke Larsson

arxiv.org/abs/1109.5168

[15] Lifetime of Authentication Using Encrypted Tags When the

Encryption Key is Partially Known

Aysajan Abidin and Jan-Åke Larsson

Theses:

PhD Dissertation: Authentication in Quantum Key Distribution: Security Proof and Universal Hash Functions

(Department of Electrical Engineering, Linköping University, 2013)

Licentiate Thesis: Weaknesses of Authentication in Quantum Cryptography and Strongly Universal Hash Functions

(Department of Mathematics, Linköping University, 2010)

Master Thesis: Finite Element

Simulations of Stochastic Patial Differential Equations (Solver)

(Department of Mathematical Sciences, Chalmers University of Technology, 2007)

مەنزىل

ئىلىم ـ ھېكمەت چۆللىرىدىن مەرىپەت ئىزلىگەن قۇل بىز،
بولغۇسى ھەربىر قەدەمدىن كۆمۈلمەس ئىزلار ئايان.
ئازغان يۈرەك، ھارغان تىلەك، ئەمدى نە قىلماق كېرەك؟
ھەر تىنىقتا بىر سوئال، مەنزىل قايان؟ مەنزىل قايان؟

مەنزىل تورى ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

www.Menzil.biz

book@menzil.biz menzilbiz@163.com